تۇققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى بويىچە ئالتە يىللىق
باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 4 ـ يىللىقى ئۇچۇن دەرسلىك

# ئۇيغۇر تىلى

(2 ـ قىسىم)



شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى



封面设计: 胡玉东

ISBN 7-5370-5336-7

9 787537 053365 >

ISBN 7 - 5370 - 5336 - 7

C·1869(维课) باھاسى: 2.72 يۈەن

توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى بويىچە ئالتە يىللىق باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 4 ـ يىللىقى ئۇچۇن دەرسلىك

# ئۇيغۇر تىلى

2 ـ قىسىم

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى

编　　者：阿布来提·卡　　تۈزگۈچىلەر : ھاكىمجان مەسئۇم
阿克木江·麦　　ئابلەت قاسىم
责任编辑：帕尔哈提·伊　　مەسئۇل مۇھەررىرى : پەرھات ئىلياس
责任校对：谢尔娜依·阿　　مەسئۇل كوررېكتورى : شېرىنئاي ئابدۇرېھىم

九年义务教育六年制小学课本

语　法

第二册

（维吾尔文）

*

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى باستى

*

فورماتى : 890×1240 ، 1/32 ؛ باسما تاۋىقى : 4.375
2005 ـ يىل 6 ـ ئاي 2 ـ نەشرى
2005 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى : 80 001 — 160 413
ISBN 7 — 5370 — 5336 — 7
G·1869(维课) باھاسى : 2.72 يۈەن

نەشر ھوقۇقى بىزدە ، باشقىلارنىڭ كۆپەيتىپ بېسىشىغا بولمايدۇ .
بېسىش ـ تۈپلەش سۈپىتىدە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ .

ئادرېس : ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 169 ـ قورۇ .
پوچتا نومۇرى : 830001 ؛ تېلېفون : 0991 — 2864876

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى بويىچە ئالتە يىللىق
باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 4 ـ يىللىقى ئۈچۈن دەرسلىك

# ئۇيغۇر تىلى

2 ـ قىسىم

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى

编　者：阿布来提·卡
阿克木江·麦
责任编辑：帕尔哈提·伊
责任校对：谢尔娜依·阿

تۈزگۈچىلەر : ھاكىمجان مەسۇم
ئابلەت قاسىم
مەسئۇل مۇھەررىرى : پەرھات ئىلياس
مەسئۇل كوررېكتورى : شېرىنئاي ئابدۇرېھىم

九年义务教育六年制小学课本
语　法
第二册
（维吾尔文）
*
شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى باستى
*
فورماتى : 890×1240 ، 1/32 ؛ باسما تاۋىقى : 4.375
2005 - يىل 6 - ئاي 2 - نەشرى
2005 - يىل 6 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى : 80 001 — 160 413
ISBN 7 — 5370 — 5336 — 7
G・1869(维课) باھاسى : 2.72 يۈەن
نەشر ھوقۇقى بىزدە، باشقىلارنىڭ كۆپەيتىپ بېسىشىغا بولمايدۇ.
بېسىش - تۈپلەش سۈپىتىدە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.
ئادرېس : ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 169 - قورۇ.
پوچتا نومۇرى : 830001 ؛ تېلېفون : 0991 — 2864876

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

1 . جۈملىدىكى ئىگە ........................ 1
2 . جۈملىدىكى خەۋەر ........................ 5
3 . جۈملىنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرى ........... 9
4 . يىغىق جۈملە ........................ 12
5 . يېيىق جۈملە ........................ 15
يىغىق ۋە يېيىق جۈملىلەر توغرۇلۇق ئۆتكەندىلەرنى تەكرارلاش ........................ 18
6 . جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشى ... 20
7 . جۈملىنىڭ تەڭداش بۆلەكلىرى ........... 23
8 . تەڭداش بۆلەكلىك جۈملىلەردىكى ئومۇملاشتۇرغۇچى سۆز ........................ 28
9 . سۆز تۈركۈملىرى ........................ 32
10 . ئىسىم ........................ 36
11 . ئىسىملارنىڭ بىرلىك ھەم كۆپلۈك تۈرى ... 40
12 . ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى ...... 45
13 . ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى ئۇلانغان ئىسىملارنىڭ ئىملاسى ........................ 52
14 . ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ئىملاسى ........... 57
15 . ئىسىملارنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىشى ... 63
ئىسىم توغرۇلۇق ئۆتكەنلەرنى تەكرارلاش ... 72
16 . باش كېلىش ........................ 75
17 . ئىگىلىك كېلىش ........................ 80
18 . چۈشۈم كېلىش ........................ 85

19 . يۆنىلىش كېلىش ........................ 91
20 . چىقىش كېلىش ................................ 98
21 . ئورۇن كېلىش ........................ 104
كېلىشلەر توغرۇلۇق ئۆتكەنلەرنى تەكرارلاش... 109
22 . سۈپەت ........................................ 115
23 . سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ............ 120
24 . سان ............................................ 124
25 . ئالماش ........................................ 129
26 . مىقدار سۆزلەر ........................ 132

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 1. جۈملىدىكى ئىگە

تۆۋەندىكى رەسىملەرنى ئالدى بىلەن كۆزىتىڭلار، ئاندىن ئاستىدىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار. جۈملىنىڭ مەزمۇنى بىلەن رەسىمنى سېلىشتۇرۇپ، جۈملىنىڭ كىم ياكى نېمە توغرىسىدا ئېيتىلغانلىقىغا دىققەت قىلىڭلار:



مۇئەللىم دەرس سۆزلەۋاتىدۇ.



يامغۇر شارقىراپ ياغدى.



ئوقۇغۇچىلار توپ ئويناۋاتىدۇ.



گۈللەر چىرايلىق ئېچىلدى.

بىرىنچى جۈملە مۇئەللىم توغرۇلۇق، ئىككىنچى جۈملە يامغۇر توغرۇلۇق، ئۈچىنچى جۈملە ئوقۇغۇچىلار توغ-

رۇلۇق ، تۆتىنچى جۈملە گۈللەر توغرۇلۇق ئېيتىلغان . ئۇلارغا «كىم ؟ (مۇئەللىم ) ، نېمە ؟ (يامغۇر ) ، كىملەر ؟ (ئوقۇغۇچىلار ) ، نېمىلەر ؟ (گۈللەر )» دېگەن سوئاللار بېرىلىدۇ . دېمەك ، «مۇئەللىم ، يامغۇر ، ئوقۇغۇچىلار ، گۈللەر» دېگەن سۆزلەر شۇ جۈملىلەردىكى ئىگىلەردۇر .

**جۈملىنىڭ كىم ياكى نېمە توغرىسىدا ئېيتىلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ، «كىم؟ كىملەر؟ نېمە؟ نېمىلەر؟ نېمىسى؟ قانچىسى؟ نەچچىسى؟» دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدىغان سۆزلەر ئىگە دەپ ئاتىلىدۇ .**

مەسىلەن :

مەيداندا قىزىل بايراقلار لەپىلدىدى (نېمىلەر ؟ — بايراقلار ) .

پىئونېرلار ئەترەت پائالىيىتى ئۆتكۈزدى (كىملەر ؟ — پىئونېرلار ) .

ئەركىن مەكتەپكە كەتتى (كىم ؟ — ئەركىن ) .

ئوقۇش باشلاندى ؟ (نېمە ؟ — ئوقۇش ) .

ئەكبەرنىڭ ئاكىسى ئوقۇشقا كەتتى (كىمى ؟— ئاكىسى ) .

رازىيەنىڭ خېتى چىرايلىق (نېمىسى ؟ — خېتى ) .

ئوقۇغۇچىلاردىن بەشى قايتىپ كەلدى (نەچچىسى ؟ — بەشى ) .

جۈملىدە يەنە ئىگىدىن باشقا بەزى سۆزلەرگىمۇ ئىگىگە بېرىلىدىغان سوئاللار بېرىلىشى مۇمكىن . ئىگىنى بۇنداق سۆزلەردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ، ئۇنىڭغا جۈملە ئاخىرد-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ـدىكى سۆزنى ، يەنى خەۋەرنى قوشۇپ سوئال بېرىش لازىم .

مەسىلەن :

مەن ئاخشام تاپشۇرۇق ئىشلىدىم (كىم ئىشلىدى ؟ — مەن ) .

مۇئەللىم ئۆگىنىش توغرىلىق سۆزلىدى (كىم سۆزلىدى ؟ — مۇئەللىم ) .

مەكتەپ بويىچە توپ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى (نېمە ئۆتكۈزۈلدى ؟ — مۇسابىقە ) .

مېنىڭ دادام ئىشچى (كىم ئىشچى ؟ — دادام ) .

**1** ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى تىرناقلار ئىچىگە تىرناق ئالدىدىكى سۆزلەرگە بېرىلىدىغان سوئاللارنى يېزىڭلار ھەمدە سوئال قويۇلغان سۆزلەرنىڭ قانداق سۆزلەر ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار :

كۈن ( ) چىقتى . ئوقۇغۇچىلار ( ) مەكتەپكە ماڭدى . مۇئەللىم ( ) سىنىپقا كىردى . دەرس ( ) باشلاندى . مۇئەللىمنىڭ خېتى ( ) چىرايلىق . مۇئەللىم ( ) سوئال سورىدى . مەن ( ) توغرا جاۋاب بەردىم . ئەركىنىنىڭ جاۋابى ( ) توغرا بولمىدى . ئوقۇغۇچىلاردىن ئىككىسى ( ) توغرا جاۋاب بېرەلمىدى . ۋاقىت ( ) توشتى . قوڭغۇراق ( ) چېلىندى . بىز ( ) دەرستىن چۈشتۇق .

**2** ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا مۇۋاپىق ئىگىلەرنى قويۇڭلار :

... خەتنى چىرايلىق يازىدۇ . باغدىكى ... پىشتى . ... مەكتەپكە يىغىلدى . ئارزۇگۈلنىڭ ... پاكىز . ئالىيەنىڭ ... بىزنىڭ سىنىپتا ئوقۇيدۇ . ... شارقىراپ يېغىشقا باشلىدى . باغدا ... ئېچىلدى . ماڭا بۇ دەپتەردىن ... كېرەك . ... بىزنىڭ دوستىمىز .

كېرەكلىك سۆزلەر : ئوقۇغۇچىلار ، گۈلباھار ، ئالمىلار ، ئۆكىسى ، يامغۇر ، كىتابى ، ئىككىسى ، گۈللەر ، كىتاب

3 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار ھەمدە سوئال بېرىپ ، ئۇ جۈملىلەردىكى ئىگىلەرنى تېپىڭلار :

1 . ئوقۇغۇچىلار تىرىشىپ ئۆگەنمەكتە . 2 . خالىدە ھەممە پەنلەردىن ئەلا نەتىجە ئالدى . 3 . زىرائەتلەر پىشىپ قالدى . 4 . ئەكبەرنىڭ جاۋابى توغرا . 5 . مېنىڭ ئاكام تراكتور ھەيدەيدۇ . 6 . بۇ كىتابتىن بىزگە يەنە ئۈچى كېرەك . 7 . دەپتىرىمنىڭ ۋارىقى تۈگەپ كېتىپتۇ . 8 . دېھقانلار كۈزلۈك يىغىمغا تەييارلاندى .

4 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئىگە قىلىپ جۈملە تۈزۈڭلار :

قۇشلار ، مەكتەپ ، بالىلار ، شامال ، سائادەت ، ئۈچەمىز ، ھاۋا ، بىز ، ئۇلار

5 ـ كۆنۈكمە . قېنى ، تۆۋەندىكى كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا كىم ئەڭ جىق ئىگىلەرنى تېپىپ قويالايدۇ؟

1 . ... ئوچۇق . 2 . ... ئېچىلدى . 3 . ... پىشتى . 4 . مەكتىپىمىزدە ... ئۆتكۈزۈلدى . 5 . مېنىڭ ... بار . 6 . ... ئۇچتى .

# 2 . جۈملىدىكى خەۋەر

تۆۋەندىكى جۈملىلەردىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەر شۇ جۈملىلەردىكى ئىگىنىڭ نېمىسىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن ؟ ئۇ سۆزلەرگە قانداق سوئاللار بېرىلىدۇ ؟

ئوقۇش باشلاندى . بالىلار مەكتەپكە يىغىلدى . بۇلبۇل سايرىدى . غەيرەت كىتاب ئوقۇۋاتىدۇ . ئوقۇغۇچىلار گىمناستىكا ئويناۋاتىدۇ . يوپۇرماقلار سارغايدى . ئەخەت رەسىم سىزدى .

جۈملىدە ئىگىنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن سۆز خەۋەر دەپ ئاتىلىدۇ .
خەۋەرلەرگە «نېمە قىلدى؟ نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ نېمە قىلىدۇ؟ نېمە بولدى؟ نېمە بولىدۇ؟ ...» دېگەنگە ئوخشاش سوئاللار بېرىلىدۇ .

مەسىلەن :

ئوقۇغۇچىلار تازىلىققا قاتناشتى (ئوقۇغۇچىلار نېمە قىلدى ؟ ) .

قادىر مەكتەپ كۆكتاتلىقىدا ئەمگەك قىلىۋاتىدۇ (قادىر نېمە قىلىۋاتىدۇ ؟ ) .

ئىشچىلار زاۋۇتتا ئىشلەيدۇ (ئىشچىلار نېمە قىلىدۇ؟ ) .

كۈزلۈك زىرائەتلەر پىشتى (كۈزلۈك زىرائەتلەر نېمە بولدى ؟ ) .

ئەركىن چوڭ بولسا ئۇچقۇچى بولىدۇ (ئەركىن نېمە بولىدۇ ؟ ) .

خەۋەر بولۇپ كەلگەن سۆزلەر ئادەتتە جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىدۇ . خەۋەرگە سوئال بەرگەندە ، ئىگىگە قوشۇپ بېرىلىدۇ .

**6 ـ كۆنۈكمە** . تۆۋەندىكى كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان خەۋەرلەرنى قويۇڭلار :

1 . مەن بۇ يىل ئون ياشقا ...... . 2 . مەن تۆتىنچى سىنىپتا ...... . 3 . بىزنىڭ سىنىپتا 43 نەپەر ئوقۇغۇچى ...... . 4 . بىز سىنىپتا تاپشۇرۇق ...... 5 . مەن ھەر كۈنى ئەتىگەندە بەدەن ...... . 6 . مەن كىتابخانىدىن يېڭى كىتابلارنى ...... . 7 . مەن مەكتەپنىڭ سەنئەت كۇرۇژۇكىغا ...... 8 . مەن ئائىلىدە ئاتا ـ ئانامغا ...... . 9 . ئايگۈل خەتنى چىرايلىق ...... .

**7 ـ كۆنۈكمە** . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار ھەمدە سوئال بېرىش ئارقىلىق جۈملىنىڭ خەۋىرىنى تېپىڭلار :

1 . مەكتىپىمىزنىڭ بېغىدا ھەر خىل گۈللەر ئېچىلىدى . 2 . مەن بۈگۈن تەنتەربىيە مۇسابىقىسىگە قاتنىشىمەن . 3 . يامغۇر سىم ـ سىم يېغىۋاتىدۇ . 4 . ماڭا ئاكامدىن خەت كەلدى . 5 . ئۇ خەنزۇچە سۆزلەشنى بىلىدۇ . 6 . ئۇلار سىنىپنى تازىلاپ بوپتۇ . 7 . بىز ھازىرلا كېلىمىز . 8 . مەن تاپشۇرۇقلىرىمنى ئىشلەپ بولدۇم . 9 . بىز بۈگۈن سىنىپ يىغىنى ئاچتۇق . 10 . مەكتىپىمىزگە يېڭىدىن بىر بىنا سېلىندى .

**8 ـ كۆنۈكمە** . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ ياز-

غاچ ، ئىگىنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق ، خەۋەرنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار :

تاڭ ئاتتى . كۈن چىقتى . كۈن نۇرى ئەتراپنى قاپلىدى . كېپىنەكلەر گۈلدىن ـ گۈلگە قونۇپ يۈرىدۇ . گۈللەر خۇش پۇراق چاچتى . بالىلار كېپىنەكلەرنى قوغلىدى . سانىيەم گۈللەردىن گۈلدەستە تىزدى . مەن ئوقۇتقۇچىمغا گۈلدەستە تەقدىم قىلدىم .

9 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى رەسىملەرگە قاراپ جۈملە تۈزۈڭلار ھەمدە سوئال بېرىپ ، ئۇ جۈملىلەردىكى ئىگە بىلەن خەۋەرنى تېپىڭلار :













10 ـ كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى قاتناشتۇرۇپ، ھەربىرىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار. ئۇ سۆزلەر جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كەلسۇن:

ئوقۇدى، يازدى، پىشتى، ياغدى، ئىشلەۋاتىدۇ، ئۆت-كۈزىمىز، ئوقۇيمەن، قاتناشتى، ساقلاپ تۇر، كىچىكىپ قالما

ئۈلگە:

ئوغلۇم، مەكتەپكە كىچىكىپ قالما.

11 ـ كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئالدى بىلەن ئوقۇڭلار، ئاندىن ھەربىر جۈملىدىكى ئىگە بىلەن خەۋەرنى قوشۇپ كۆچۈرۈپ يېزىڭلار:

1. بىز دەم ئېلىش كۈنى ئېتىزغا باردۇق. 2. بىز ئۇ يەردە پاختا تەردۇق. 3. بالىلار تەرگەن پاختىلارنى بىر يەرگە يىغدى. 4. پاختىلار تاغدەك دۆۋىلەندى. 5. دېھقان-لار بىزنى ماختىدى. 6. بىز كەچتە ئۆيگە قايتىپ كەل-دۇق.

ئۈلگە:

1. بىز باردۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
uyghurkitap.com

# 3 . جۈملىنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرى

12 ـ كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى بىرىنچى ھەم ئىككىنچى قاتاردىكى جۈملىلەرنى ئالدى بىلەن ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ ئوقۇڭلار، ئاندىن كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. جۈملىدە ئىگە بىلەن خەۋەردىن باشقا سۆزلەر بولسا ئاستىغا سىزىڭلار:

| 1 ـ قاتار | 2 ـ قاتار |
|---|---|
| بالىلار يىغىلدى. | بالىلار مەكتەپكە يىغىلدى. |
| مەن ئوقۇدۇم. | مەن كىتاب ئوقۇدۇم. |
| خاسىيەت ئوقۇدى. | خاسىيەت گېزىت ئوقۇدى. |
| ئايروپىلان ئۇچتى. | ئايروپىلان ئېگىز ئۇچتى. |
| ئوقۇتقۇچى سۆزلىدى. | ئوقۇتقۇچى ياخشى ئۆگىنىش ھەققىدە سۆزلىدى. |

يۇقىرىدىكى بىرىنچى قاتاردىكى جۈملىلەر پەقەت ئىگە بىلەن خەۋەردىنلا تۈزۈلگەن. ئىككىنچى قاتاردىكى جۈملىلەردە بولسا، ئىگە بىلەن خەۋەردىن باشقا سۆزلەرمۇ بار. ئۇ سۆزلەر ئىگە ياكى خەۋەرگە ئەگىشىپ كېلىپ، شۇ جۈملىلەرنىڭ مەنىسىنى تولۇقلاش، كېڭەيتىش رولىنى ئوينىغان.

دېمەك، ئىككىنچى قاتاردىكى جۈملىلەردە كەلگەن «مەكتەپكە، كىتاب، گېزىت، ئېگىز، ياخشى ئۆگىنىش

ھەققىدە» دېگەن سۆزلەر شۇ جۈملىلەردىكى ئەگەشمە بۆلەك-لەردۇر .

> **جۈملىدە ئىگە بىلەن خەۋەردىن باشقا ، بەلگىلىك سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كەلگەن سۆزلەرنى ئەگەشمە بۆلەكلەر دەپ ئاتايمىز .**

مەسىلەن :

دەرسكە قوڭغۇراق چېلىندى .

مۇئەللىم سىنىپقا كىردى .

مۇئەللىم دەرسنى ياخشى چۈشەندۈردى .

بىز مۇئەللىمنىڭ سۆزىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدۇق .

يۇقىرىقى جۈملىلەردىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەر ئە-گەشمە بۆلەكلەردۇر .

**13 - كۆنۈكمە .** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇغۇچىلار ھەمدە ئەگەشمە بۆلەكلىرى يوق جۈملىلەرنى بىر قاتارغا ، ئەگەشمە بۆلەكلىرى بار جۈملىلەرنى يەنە بىر قاتارغا ئايرىپ يېزىڭلار :

كۈن ئىسسىدى . زىرائەتلەر تولۇق باش ئالدى . ئېتىز-لاردا ئىش تازا قىزىپ كەتتى . زىرائەتلەر پىشتى . يىغىم باشلاندى . بىز كۈزلۈك يىغىمغا قاتناشتۇق . زىرائەتلەر يىغىلىپ بولدى . دېھقانلار يېزا ئىگىلىكىدىن مول ھوسۇل ئالدى .

**14 - كۆنۈكمە .** تۆۋەندىكى كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا بېرىلگەن سۆزلەرنىڭ مۇۋاپىقلىرىنى قويۇپ ، ئەگەشمە بۆ-

لەك قىلىپ كۆچۈرۈڭلار :

1 . باللار ...... ماڭدى . 2 . ئۇلار ...... كېيىنگەندى . 3 . ئوقۇتقۇچى ...... كىردى . 4 . بىز ...... ئۇردۇق . 5 . مۇئەللىم ...... سۆزلىدى . 6 . بىز ...... ئاڭلىدۇق . 7 . مۇئەللىم ...... سوئال سورىدى . 8 . مەن ...... جاۋاب بەردىم . 9 . ...... ساۋاقداشلارمۇ جاۋاب بەردى . 10 . مۇئەللىم ...... ماختىدى .

كېرەكلىك سۆزلەر : سىنىپقا ، مەكتەپكە ، رەتلىك ، دەرس ، ئورنىمىزدىن ، كۆڭۈل قويۇپ ، تولۇق ، مەندىن ، بىزنى ، باشقا

**15** - كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ ، ئەگەشمە بۆلەكلەرنى تېپىڭلار ھەمدە ئۇلارغا قانداق سوئاللار بېرىلىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىڭلار :

1 . مەن ئاۋۇ مەكتەپتە ئوقۇيمەن . 2 . سۇلار شىلدىرلاپ ئاقماقتا ئىدى . 3 . قاسىم دوسكىغا خەت يازدى . 4 . مەن قەلەم بىلەن خەت يازدىم . 5 . بىز ئىنتىزامغا ئاڭلىق رىئايە قىلىمىز . 6 . ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشى ھەقىقەتەن ياخشى ئىدى . 7 . مېنىڭ ئاكامدىن خەت كەلدى . 8 . ئاپام بۈگۈن دەم ئالىدۇ . 9 . شامال بىردىنلا توختىدى . 10 . بۈگۈن مەكتەپتە تازىلىق قىلىمىز .

**16** - كۆنۈكمە . ئۆزۈڭلار ئويلاپ ، ئەگەشمە بۆلىكى يوق جۈملىدىن ئۈچنى ، ئەگەشمە بۆلىكى بار جۈملىدىن ئۈچنى يېزىپ كېلىڭلار .

# 4 . يىغىق جۈملە

يامغۇر توختىدى .

ھاۋا ئېچىلدى .

كۈن چىقتى .

قۇشلار سايرىدى .

ئىگە بىلەن خەۋەر جۈملىنىڭ باش بۆلىكىدۇر .

> **پەقەت ئىگە بىلەن خەۋەردىن (باش بۆلەكلەردىن)لا تۈزۈلگەن جۈملىنى يىغىق جۈملە دەيمىز .**

يۇقىرىقى جۈملىلەر ئىگە بىلەن خەۋەردىنلا تۈزۈلگەن بولۇپ ، يىغىق جۈملىلەردۇر . «كۈز كەلدى . ھاۋا سوۋۇدى . كۈن قىسقاردى . تۈن ئۇزاردى . يوپۇرماقلار سارغايدى» دېگەن جۈملىلەرمۇ يىغىق جۈملىلەردۇر .

**17 ـ كۆنۈكمە .** تۆۋەندىكى كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا ئىگىلەرنى قويۇپ ، يىغىق جۈملىلەرنى تۈزۈڭلار :

... ئوقۇدى .     ... ماڭدى .

... يازدى .     ... ئېچىلدى .

... كەلدى .     ... گۈلدۈرلىدى .

... يۇيۇندى .     ... كېلىدۇ .

... ئۇزىدۇ .     ... چېكىلدىدى .

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

18 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇغۇلار ھەمدە جۈملىلەرنىڭ ئىگىلىرى بىلەن خەۋىرىنىلا كۆچۈرۈپ يېزىڭلار :

باھار كەلدى

قىش ئۆتۈپ كەتتى . ئىللىق شامال ئاستا ـ ئاستا باھارنى ئېلىپ كەلدى . يەرنىڭ توڭى ئېرىپ بوشاشقا باشلىدى . يەردىن ئوت ـ چۆپلەر ئۈنۈپ چىقتى . ئەتراپ يېشىل چىمەنلىككە ئايلاندى . بوغداي مايسىلىرى ئۆسۈپ ، يۇمران يوپۇرماق چىقىرىشقا باشلىدى .

ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردە بىرەر پارچە نېپىز مۇزمۇ قالمىدى .

ئۈلگە :

باھار كەلدى . يەرلەر ئېرىدى .

19 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى سۆزلەرنى قاتناشتۇرۇپ ، ھەربىرىگە بىردىن يىغىق جۈملە تۈزۈڭلار :


شامال ، ساۋاقداشلار ، ئىشىك ، سۇ ، قويلار ، بۇلبۇل ، ئوقۇش ، مېھمان ، كۈلدى ، بارىمەن ، كېلىۋاتىدۇ

20 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇغۇلار ھەمدە يىغىق جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار :

كەچ كىردى . ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى . يۇلتۇزلار چاقنىدى . كوچا چىراغلىرى يورۇدى . كىنو باشلاندى . زال ئادەمگە لىق تولدى . بىز جىم ئولتۇردۇق . كىنو

تۆگىدى . بىز قايتتۇق .

21 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى رەسىملەرنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن ھەربىرىگە بىردىن يىغىق جۈملە تۈزۈڭلار :



## 5 . يېيىق جۈملە

22 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇغۇلار ھەمدە ئۇ جۈملىلەردىكى ئىگە ، خەۋەر ھەم ئەگەشمە بۆلەكلەرنى تېپىڭلار .

1 . جەملە خەتنى چىرايلىق يازىدۇ . 2 . بىز ماشىنا بىلەن كەلدۇق . 3 . باغدا گۈللەر ئېچىلدى . 4 . مەن ئاخشام تاپشۇرۇق ئىشلىدىم . 5 . ئاپام ئاش ئەتتى . 6 . ئوقۇغۇچىلار بۈگۈن تەنتەربىيە مۇسابىقىسىگە قاتناش-تى . 7 . ئەخەت چىرايلىق رەسىم سىزدى . 8 . بىز ئۇستاز-لارنى ھۆرمەتلەيمىز .

ئىگە ، خەۋەر ھەم ئەگەشمە بۆلەكلەردىن تۈزۈلگەن جۈملىنى يېيىق جۈملە دەيمىز .

يېيىق جۈملىلەردىكى ھەربىر ئەگەشمە بۆلەك ئۆز ئال-دىغا ئايرىم سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ . ئەگەشمە بۆلەكلەرگە «كىمنى ؟ نېمىنى ؟ كىمنىڭ ؟ نېمىنىڭ ؟ كىمـ-دە ؟ نېمىدە ؟ كىمگە ؟ نېمىگە ؟ كىمدىن ؟ نېمىدىن ؟ قانـ-داق ؟ قانچە ؟ نېمە ئۈچۈن ؟ نېمە بىلەن ؟ كىم بىلەن ؟ قەيەرنىڭ ؟ قەيەرنى ؟ نەگە ؟ نەدىن ؟ قەيەردە ؟ قاچان ؟» دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارنى بېرىشكە بولىدۇ .

مەسىلەن :

بىز ۋەتەن ئۈچۈن ئوقۇيمىز (نېمە ئۈچۈن؟ — ۋەتەن ئۈچۈن).

ماشا ئاكامدىن خەت كەپتۇ (كىمگە؟ — ماشا؛ كىمدىن؟ — ئاكامدىن).

بىزنىڭ سىنىپتا 45 ئوقۇغۇچى بار (كىمنىڭ؟ — بىزنىڭ؛ نەدە؟ — سىنىپتا، قانچە؟ — 45).

مەن قىزىلگۈلنى ياخشى كۆرىمەن (قانداق؟ — قىزىل؛ نېمىنى؟ — گۈلنى).

مۇئەللىم بۈگۈن بىزگە ھېكايە سۆزلەپ بەردى (قاچان؟ — بۈگۈن؛ كىمگە؟ — بىزگە؛ نېمە؟ — ھېكايە «ھېكايىنى»).

**23 - كۆنۈكمە.** تۆۋەندىكى يىغىق جۈملىلەرنى يېيىق جۈملىلەرگە ئايلاندۇرۇڭلار:

1. ئايروپىلان ئۇچتى. 2. مەن بارىمەن. 3. ئۇ ئوقۇغۇچى. 4. قار ياغدى. 5. يەرلەر توڭلىدى. 6. ئەركىن كېلەلمىدى. 7. سەن ئاڭلىغانمۇ؟ 8. قۇشلار سايرىدى. 9. سەن ئوقۇيسەن؟ 10. ئۇ كېلىدۇ.

ئۈلگە:

ئايروپىلان ھازىر ئۇچتى.

**24 - كۆنۈكمە.** تۆۋەندە بېرىلگەن يېيىق جۈملىلەردىكى ئاستى سىزىلغان ئەگەشمە بۆلەكلەرگە قانداق سوئاللارنى قويۇشقا بولىدۇ؟

ئوقۇغۇچىلار بايرامغا تەييارلاندى. ئۇلار رەڭلىك قەغەزلەرگە شوئارلارنى يازدى. يوغان تام گېزىتى چىقار-

دى . مەكتەپتە ئومۇمىي يىغىن بولدى . ئوقۇغۇچىلار ھەر خىل نومۇرلارنى ئورۇندىدى . ئەلاچى ئوقۇغۇچىلار مۇكاپاتلاندى .

25 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا لايىق ئەگەشمە بۆلەكلەرنى قويۇپ كۆچۈرۈڭلار :

ئەسئەت .... كەلدى . ئىككىمىز .... باردۇق . ئۇ .... ئالدى . مەن .... ئالدىم . بىز .... ئىشلىدۇق . ئۇ .... قايتتى . مەن .... ئوقۇدۇم .

26 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئەگەشمە بۆلەك قىلىپ يېزىق جۈملىلەرنى تۈزۈڭلار :

تىرىشىپ ، مەكتەپ ، چىرايلىق ، يېشىل ، دەپتەر ، تازىلىق ، ئەتىگەن ، ۋاقىت

# يىغىق ۋە يېيىق جۈملىلەر توغرۇلۇق
# ئۆتكەنلەرنى تەكرارلاش

27 ـ كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يازغاچ، ئىگىنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق، خەۋەرنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق، ئەگەشمە بۆلەكلەرنىڭ ئاستىغا ئەگرى (~~~~~~) سىزىق سىزىڭلار:

كۈز كەلدى. ھاۋا ئاستا ـ ئاستا سوۋۇشقا باشلىدى. تۈرنىلار سەپ ـ سەپ بولۇپ جەنۇبقا ئۇچتى. ئۇلار بىر ـ بىرىدىن زادىلا ئايرىلمايتتى. دەل ـ دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى سارغايدى. ئېتىزدىكى زىرائەتلەر پاك ـ پاكىز يىغىۋېلىندى.

28 ـ كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار. ئاندىن يىغىق جۈملىلەرنى بىر قاتارغا، يېيىق جۈملىلەرنى يەنە بىر قاتارغا ئايرىپ كۆچۈرۈڭلار:

تاڭ ئاتتى. توخۇ چىللىدى. مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم. كۈن چىقتى. مەن ھويلىدا گىمناستىكا ئوينىدىم. ئاپام ئەتىگەنلىك چاي تەييارلىدى. مەن يۈز ـ كۆزلىرىمنى يۇيۇپ، چېيىمنى ئىچتىم. سائەت توشتى. مەن مەكتەپكە ماڭدىم. مەكتەپ ئىچى جانلاندى. ۋاقىت توشتى. دەرس باشلاندى. مەكتەپ ئىچى جىمجىتلىققا چۆكتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

29 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى يىغىق جۈملىلەرگە ئەگەشمە بۆلەكلەرنى قوشۇپ يېيىق جۈملىگە ئايلاندۇرۇڭلار :

1 . ھاۋا ئوچۇق . 2 . بالىلار ئويناۋاتىدۇ . 3 . ئاكام كەلدى . 4 . قويلار ئوتلاۋاتىدۇ . 5 . مۇزاكىرە باشلاندى . 6 . بىز قاتناشتۇق . 7 . كەچ كىردى . 8 . ئوقۇغۇچىلار قايتتى . 9 . يۇلتۇزلار چاقنىدى .

30 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇپ ، ئۇنىڭ ھەر ئىككى مىسراسىنى بىر يېيىق جۈملە قىلىپ يېزىڭلار :

ئىللىق باھار يامغۇرى
ئېچىلدۇردى گۈللەرنى .
بۇلبۇل ، قۇشلار ناۋاسى
ياشناتتى كۆڭۈللەرنى .

كۆچەت تىكىپ باغ قىلدۇق
ئانا مەكتەپ قوينىدا .
دادىل قەدەم تاشلىدۇق
پەن ـ مەرىپەت يولىدا .

مەكتەپ گۈزەل باغىمىز ،
مەكتەپ باھار ـ يازىمىز .
ئۇنى قىزغىن مەدھىيىلەپ ،
ياڭرار ناخشا ـ سازىمىز .

## 6 . جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشى

دالىلارنى ئاپئاق قار قاپلىدى .

يۇقىرىقى جۈملىنى ئوقۇغۇچىلار ھەمدە قايسى سۆز بىلەن قايسى سۆزنىڭ قانداق باغلانغانلىقىغا دىققەت قىلىڭلار .

> **جۈملىدىكى سۆزلەر ئۆزئارا بىر - بىرى بىلەن باغلىنىپ كېلىدۇ . ئۇلار ئۆزئارا باغلانمىسا ، ئېيتماقچى بولغان ئوي - پىكىر چۈشىنىكسىز بولۇپ قالىدۇ .**

جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ باغلىنىشىنى سوئال بېرىش ئارقىلىق بىلىشكە بولىدۇ .

مەسىلەن :

ئېتىزلىقتا تاتلىق قوغۇنلار پىشتى .

1 . نېمە پىشتى ؟ — قوغۇنلار .

2 . قانداق قوغۇنلار ؟ — تاتلىق قوغۇنلار .

3 . قوغۇنلار نېمە بولدى ؟ — قوغۇنلار پىشتى .

4 . نەدە پىشتى ؟ — ئېتىزلىقتا پىشتى .

دېمەك ، جۈملىدە ئىگە بىلەن خەۋەر ئۆزئارا بىر - بىرى بىلەن باغلىنىپ كېلىدۇ . ئەگەشمە بۆلەكلەرنىڭ بە-

زىلىرى ئىگىگە ، بەزىلىرى خەۋەرگە ، بەزىلىرى ئۆزئارا بىر- بىرىگە باغلىنىپ كېلىدۇ .

31 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار ھەمدە جۈملىدىكى سۆزلەرگە سوئال بېرىپ ، قايسى سۆزنىڭ قايسى سۆز بىلەن مەنىلىك باغلانغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار :

1 . ئوقۇغۇچىلار بۈگۈن رەسىم كۆرگەزمىسىگە باردى . 2 . بۈگۈن قاتتىق يامغۇر ياغدى . 3 . مايسىلار سۇغا قاندى . 4 . كۈن قىزىرىپ چىقتى . 5 . مېنىڭ دادام زاۋۇتتا ئىشلەيدۇ . 6 . تۈنۈگۈن مەن بازارغا باردىم . 7 . ئېتىزدىكى مايسىلار سۇغا قاندى .

ئۈلگە :

كىم باردى ؟ — ئوقۇغۇچىلار باردى .

نەگە باردى ؟ — رەسىم كۆرگەزمىسىگە باردى .

قاچان باردى ؟ — بۈگۈن باردى .


32 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى باغلىنىشسىز يېزىلغان سۆزلەرنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ جۈملە تۈزۈڭلار :

1 . ئىناق ئوقۇغۇچىلار مەكتىپىمىزدىكى بىر ـ بىرى بىلەن . 2 . ئالغا ئىنتىپاقلىشىپ باسماقتا ئوقۇغۇچىلار . 3 . ھۆرمەتلەيمىز بىز ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنى . 4 . ھەر دائىم غەمخورلۇق ئوقۇتقۇچىلىرىمىز قىلىدۇ بىزگە . 5 . سۆزلىدى بىزگە توغرۇلۇق مۇئەللىم ياخشى ئۆگىنىش . 6 . تۈزۈڭلار باغلىنىشسىز بىر ـ بىرىگە تۆۋەندىكى باغلاپ جۈملە سۆزلەرنى يېزىلغان . 7 . كېلىدۇ بىر ـ بىرى بىلەن سۆزلەر جۈملىدە باغلىنىپ ئۆزئارا .

33 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندە بېرىلگەن جۈملىلەردىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنىڭ قايسى سۆزلەر بىلەن باغلىنىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار :

1 . قۇياش پارلاق نۇرىنى چاچتى . 2 . ماڭا دوستۇمدىن خەت كەلدى . 3 . بىز مەكتەپتە ئوقۇۋاتىمىز . 4 . سىلەرنىڭ مۇئەللىم كەلدى . 5 . قاسىمنىڭ ئالتە دەپتىرى بار . 6 . بىز ئاخشام ئويۇن كۆردۇق . 7 . باغدا گۈللەر ئېچىلدى . 8 . سادىق ماڭا ياردەم قىلىدۇ . 9 . سەن قاچان بارىسەن ؟ 10 . ئادالەتنىڭ پىكرى توغرا .

34 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى رەسىمگە قاراپ رەسىم مەزمۇنى بويىچە بىرقانچە جۈملە تۈزۈڭلار ۋە جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا قانداق باغلانغانلىقىغا دىققەت قىلىڭلار :



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 7 . جۈملىنىڭ تەڭداش بۆلەكلىرى

گۈل ـ گۈلىستان يېزامغا
خاسىيەتلىك كۈز كەلدى .
ئېتىز ، دالا ، باغ ـ ۋاران
تەتىللادىن تون كىيدى .

گۈرۈچ ، قوناق ، مايلىقدان ...
سىغماي قالدى خامانغا .
ئاق پاختىلار بۆلۈتتەك
تاقاشتى كۆك ئاسمانغا .

ياڭزا ـ ياڭزا مېۋىدىن
شىرنە ـ شەربەت ئاقىدۇ .
قوغۇن ، تاۋۇز شۇنچە مول ،
تەمى تىلنى يارىدۇ .

يۇقىرىقى شېئىرنى ئوقۇپ ، ئاستىغا سىزىق سىزىلغان سۆزلەرگە سوئال بېرىڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا قانداق تىنىش بەلگىسى قويۇلىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىڭلار .

> بىرلا خىل سوئالغا جاۋاب بولۇپ كېلىدىغان ، جۈملىنىڭ قاتار ئېيتىلغان بىردىن ئارتۇق بۆلەكلىرىنى جۈملىنىڭ تەڭداش بۆلەكلىرى دەيمىز .

يۇقىرىقى شېئىردىكى ئاستىغا سىزىق سىزىلغان سۆز-لەر تەڭداش بۆلەكلەر بولۇپ، ئۇلارغا پەقەت «نېمە؟» دېگەن بىرلا خىل سوئال بېرىلىدۇ.

بىز يەنە «ماھىرە بىلەن ئادىلە سىنىپ تازىلاۋاتىدۇ، ئارزۇگۇل ئوقۇۋاتىدۇ ھەم يازدى.

بىزنىڭ باغدا ئالما، ئۆرۈك، شاپتۇل، نەشپۈت، يا-ڭاق ھەم ئۈزۈم بار» دېگەن جۈملىلەردىكى تەڭداش بۆلەك-لەرنى تەكشۈرۈپ باقايلى.

بىرىنچى جۈملىدىكى «ماھىرە، ئادىلە» دېگەن سۆزلەر تەڭداش بۆلەك بولۇپ، ئۇلارغا «كىم؟» دېگەن بىرلا سو-ئال، ئىككىنچى جۈملىدىكى «ئوقۇۋاتىدۇ، يازدى» دېگەن تەڭ-داش بۆلەكلەرگە «نېمە قىلدى؟» دېگەن سوئال، ئۈچىنچى جۈملىدىكى «ئالما، ئۆرۈك، شاپتۇل، نەشپۈت، ياڭاق، ئۈزۈم» دېگەن تەڭداش بۆلەكلەرگە «نېمە؟» دېگەن بىرلا سوئال بېرىلىدۇ.

> **تەڭداش بۆلەكلەرنى ئوقۇغان چاغدا تاۋۇش بىر قىلىپتا چىقىپ، ھەربىر تەڭداش بۆلەك ئارىلىقىدا بىر-ئاز توختاپ، ئۈزۈپ-ئۈزۈپ ئېيتىمىز. يازغاندا ئۇلار-نىڭ ئوتتۇرىسىغا پەش (،) قويۇلىدۇ.**
>
> **ئەگەر تەڭداش بۆلەكلەرنىڭ ئارىسىدا «ۋە، ھەم، بىلەن» باغلىغۇچىلىرى كەلسە، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا پەش قويۇلمايدۇ.**

مەسىلەن:

بۈگۈن ماتېماتىكا، ئەدەبىيات، رەسىم ۋە تەنتەربىيە

دەرسلىرى ئۆتۈلدى .

تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار ھەم يېزىڭلار .

ئەركىن بىلەن ئالىمجان تازىلىق قىلدى .

35 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يې-زىڭلار ھەمدە جۈملىنىڭ تەڭداش بۆلەكلىرىنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار :

1 . ئابدىملىكنىڭ مېيى ئايروپىلان ، ھەربىي پارا-خوت ، ئاپتوموبىل ۋە ھەر خىل ماشىنا ئەسۋابلىرى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان سىلىقلاندۇرۇش مېيى . 2 . ئابدىمە-لىكنىڭ كۆنجۈرىسى ، يوپۇرمىقى ھەم غولى ئوغۇت قىل-لىش ، پىلە قۇرتى بېقىش ھەم قەغەز ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ . 3 . بىزنىڭ سىنىپتىن ئادىل ، تۇرغۇن ، راخمان ، قەلبىنۇر ھەم ئايشەملەر ئابدىملىك ئاقلاشقا چىقتى . 4 . بىز ئابدى-ملىكنىڭ ئاجىز ، پۇچەك ھەم ناچار مايسىلىرىنى يۇلۇپ تاشلىدۇق .

36 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ ياز-غاچ ، جۈملىدىكى بىر خىل ئىگىلەرنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار :

1 . بۈگۈن ماڭا خەت ، گېزىت ھەم ژۇرنال كەلدى .

2 . سىنىپىمىزدا قاسىم ، خاسىيەت ، راھىلە ھەم ئا-زاتلار ئەلاچى بولۇپ ئوقۇيدۇ .

3 . يېزىمىزنىڭ كۇلۇبىدا كىنو ، كونسېرت ھەم يى-غىنلار بولۇپ تۇرىدۇ .

4 . ئايروپىلان ، پويىز ، ماشىنا ھەم پاراخوتلار قاتناش قوراللىرى .

5 . ئامىنە ، ئاتىكەم ھەم رابىيەلەر مەكتەپتىن بىللە قايتتى .

37 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يازغاچ ، جۈملىدىكى بىر خىل خەۋەرلەرنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار :

1 . ئوقۇغۇچىلار بۈگۈن ئوقۇدى ، يازدى ھەم رەسىم سىزدى .

2 . دېھقانلار يەرنى ھەيدەيدۇ ، ئۇرۇق چاچىدۇ ، زىرائەتنى سۇغىرىدۇ ، ئورىدۇ .

3 . تراكتور يەر ھەيدەيدۇ ، خامان تېپىدۇ ھەم يۈك توشۇيدۇ .

4 . پەرھات ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى ھەر كۈنى تەكرارلايدۇ ، تاپشۇرۇقلارنى تولۇق ئىشلەيدۇ ھەم ئۆيىدە ئاپىسىغا ياردەملىشىدۇ .

5 . مەن ئەتىگەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ، گىمناستىكا ئوينىدىم ھەم گۈللەرگە سۇ قۇيدۇم .

38 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار . جۈملىنىڭ تەڭداش بۆلەكلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا پەش ھەم تېگىشلىك جايلىرىغا «ۋە ، ھەم ، بىلەن» باغلىغۇچىلىرىنى قويۇڭلار :


1 . ئوقۇغۇچىلار بۈگۈنكى دەرسنى ئوقۇدى ئىملا يازدى . 2 . بىز بۈگۈن ئوقۇدۇق يېغىنغا قاتناشتۇق كىنو كۆردۇق . 3 . ئۆسۈملۈكلەر ئۈچۈن سۇ ھاۋا ئوزۇقلۇق يورۇقلۇق ئىسسىقلىق كېرەك . 4 . سىنىپىمىزدىكى قاسىم

مەريەم غۇنچەم ئېلى زۇلپىيەلەر تىرىشچان ئوقۇغۇچىلار . 5 . ئوقۇغۇچىلار ئۆگىنىشتە ياخشى بولۇشى ئەخلاقتا ياخشى بولۇشى سالامەتلىكتە ياخشى بولۇشى لازىم . 6 . مەن كوچىدا تۇرسۇننى ئەخمەتنى كۆردۇم . 7 . مەن ۋالىبول پۇتبول ئويناشنى ياخشى كۆرىمەن . 8 . مەردان ئالىملارنىڭ ئۆيى بىر مەھەللىدە .

39 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى رەسىمگە قاراپ ، سىنىپتا كىم ۋە نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىدا نېمىلەر تۇرغانلىقىنى ئۆز تەرتىپى بىلەن يېزىپ ، تەڭداش بۆلەكلىك جۈملىلەرنى تۈزۈڭلار :

ئۈلگە :

سىنىپتا دوسكا ، پارتا ، ئورۇندۇق ھەم ئۈستەللەر بار .



## 8 . تەڭداش بۆلەكلىك جۈملىلەردىكى ئومۇملاشتۇرغۇچى سۆز

تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار ھەمدە ئاستىغا سىزىق سىزىلغان سۆزلەرنىڭ قانداق مەنە ئىپادىلەپ كەلگەنلىكىگە دىققەت قىلىڭلار :

1 . كىتاب ، دەپتەر ، قەلەم ، سىياھ — ھەممىسى ئوقۇش قوراللىرى .

2 . سىنىپىمىزدىكى ئەلاچى ئوقۇغۇچىلار — مەريەم ، غېنى ، تۇرسۇن ، رازىيە ، ياقۇپ ، ئىسرائىل ، گۈلنۇرلار بۈگۈنكى سىنىپ يىغىنىدا تەقدىرلەندى .

3 . مەن مەملىكىتىمىزدىكى چوڭ شەھەرلەرگە : بېيجىڭ ، شاڭخەي ، تيەنجىن ، گۇاڭجۇ ، شىئەنلەرگە باردىم .

بىرىنچى جۈملىدىكى «ھەممىسى» دېگەن سۆز شۇ جۈملىدىكى «كىتاب ، دەپتەر ، قەلەم ، سىياھ» دېگەن تەڭداش بۆلەكلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئىپادىلەپ كەلگەن ؛ ئىككىنچى جۈملىدىكى «ئەلاچى ئوقۇغۇچىلار» دېگەن سۆز شۇ جۈملىدىكى «مەريەم ، غېنى ، تۇرسۇن ، رازىيە ، ياقۇپ ، ئىسرائىل ، گۈلنۇر» دېگەن تەڭداش بۆلەكلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئىپادىلەپ كەلگەن ؛ ئۈچىنچى جۈملىدىكى «چوڭ شەھەرلەر» دېگەن سۆز «بېيجىڭ ، شاڭخەي ، تيەنجىن ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گۈزەل ، شىئەن » دىگەن تەڭداش بۆلەكلەرنى ئومۇملاشتۇ-
رۇپ ئىپادىلەپ كەلگەن . دىمەك ، بۇ جۈملىلەردىكى «ھەم-
مىسى ، ئەلاچى ئوقۇغۇچىلار ، چوڭ شەھەرلەر» دىگەن
سۆزلەر ئومۇملاشتۇرغۇچى سۆزلەردۇر .

> جۈملىدىكى تەڭداش بۆلەكلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ بىرىدىغان سۆزلەرنى ئومۇملاشتۇرغۇچى سۆز دەپ ئا-تايمىز .

مەسىلەن :

بۇغداي ، قوناق ، شال ، تىرىق — ھەممىسى ئاشلىق زىرائەتلىرى .

بۇ قېتىمقى ئەمگەكتە مۇنۇ ئوقۇغۇچىلار : ئادالەت ، گۈلقىز ، جەمىلە ، پەرھات ۋە شاۋكەتلەر ئاكتىپ ئىشلىدى .

> ئومۇملاشتۇرغۇچى سۆزلەر شۇ جۈملىدىكى تەڭ-داش بۆلەكلەرگە بىرىلىدىغان سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ .

مەسىلەن :

تۇرسۇن ، گۈلشەن ، قۇتلۇق ، زاماندىن— ھەممىسى مىنىڭ ساۋاقدىشىم . تۇرسۇن ، گۈلشەن ، قۇتلۇق ، زاماند-دىن (كىملەر؟ — ھەممىسى ) .

تەڭداش بۆلەكلىك جۈملىلەردىكى ئومۇملاشتۇرغۇچى سۆزلەرنىڭ تىنىش بەلگىلىرى مۇنداق بولىدۇ :

**ئومۇملاشتۇرغۇچى سۆز جۈملىنىڭ تەڭداش بۆلەك-لىرىدىن ئاۋۋال كەلسە، ئومۇملاشتۇرغۇچى سۆزدىن كېيىن قوش چېكىت ( : ) قويۇلىدۇ.**

مەسىلەن:

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى تۆۋەندىكى تىللاردا: ئۇي-غۇرچە، قازاقچە، موڭغۇلچە، قىرغىزچە، شىبەچە دەرس-لىكلەرنى ئىشلەيدۇ.

**ئەگەر ئومۇملاشتۇرغۇچى سۆز تەڭداش بۆلەكلەر-دىن كېيىن كەلسە، ئومۇملاشتۇرغۇچى سۆزنىڭ ئالدىغا سىزىق (—) قويۇلىدۇ.**

مەسىلەن:

مەكتىپىمىزدىكى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، ئىشچىلار— ھەممىسى قار تازىلاشقا چىقتى.

40 - كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ ياز-غاچ، تەڭداش بۆلەكلەرنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق، ئومۇملاش-تۇرغۇچى سۆزلەرنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار:

1. مەكتىپىمىزدە مۇنۇ كۇرۇژۇكلار: رەسىم، سەن-ئەت، خەتتاتلىق كۇرۇژۇكلىرى قۇرۇلدى. 2. پەسىللىك قۇشلار: قارىغۇجا، كاككۇك، قارلىغاچ، ئاققۇ، تۇرنا قاتارلىقلار جەنۇبقا ئۇچۇپ كەتتى. 3. كۆزلۈك كۆكتاتلار: يېسىۋىلەك، ياڭيۇ، سەۋزە، قىزىلمۇچ، شوخلا، پىيازلار پاك - پاكىز يىغىۋېلىندى. 4. ئالما، ئۆرۈك، نەشپۈت، شاپتۇل، ئەنجۈر، ياڭاق — ھەممىسى بىزنىڭ باغدا بار.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

5 . باھار كېلىش بىلەن دالىلار ، يېزىلار ، ئېتىز ـ ئېرىقلار ـ ھەممىسى كۆكىرىپ كېتىدۇ . 6 . بىزگە ئىسسىق ياقلاردىن قاناتلىق مېھمانلار : كاككۇك ، قارلىغاچ ، قارىغۇجا ، ياۋا غاز ، ياۋا ئۆردەكلەر ئۇچۇپ كېلىدۇ .

41 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يازغاچ ، تەڭداش بۆلەكلەرنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق ، ئومۇملاشتۇرغۇچى سۆزلەرنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار ھەمدە تېگىشلىك جايغا تىنىش بەلگىلىرىنى قويۇڭلار :

1 . ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلار ھەممىسى يازلىق يىغىنغا قاتناشتى . 2 . بىز بۈگۈن تۆت خىل دەرس ئەدەبىيات ئومۇمىي ساۋات ماتېماتىكا ۋە رەسىم دەرسلىرىنى ئوقۇيمىز . 3 . بىزنىڭ يېزىمىزدا مۇنۇ ئاشلىقلار بۇغداي قوناق تېرىق ئارپا تېرىلىدۇ . 4 . مەكتىپىمىزدىكى ئوقۇتقۇچىلار خىزمەتچىلەر ئىشچىلار ئوقۇغۇچىلار ھەممىسى بۇ قېتىمقى پائالىيەتكە تولۇق قاتناشتى .

42 ـ كۆنۈكمە . ئەدەبىيات دەرسلىكىدە ئۆگىنىپ بولغان بىر تېكىستنى ئوقۇپ ، ئۇنىڭدىكى ئومۇملاشتۇرغۇچى سۆزلەرنى تېپىڭلار ھەمدە قانداق تىنىش بەلگىلىرى ئىشلىتىلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار .

# 9 . سۆز تۈركۈملىرى

سۆزلەر مۇئەييەن مەنىگە ئىگە بولىدۇ . بەزى سۆزلەر يەككە هالدا مەلۇم مەنىنى ئاڭلاتسا ، بەزى سۆزلەر جۈملىدە باشقا سۆزلەرگە قوشۇلۇپ قوشۇمچە مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ .

مەسىلەن : «تاغ ، سۇ ، ئات ، قوي ، كىتاب ، قەلەم ، قىزىل ، سېرىق ، سەككىز ، يۈز ، چاپسان ، تۈيۈقسىز ، مەن ، كەلدى ، يازىدۇ ، ئوقۇغىن» قاتارلىق سۆزلەر يەككە هالدا مەلۇم مەنىنى ئاڭلاتسا ، «هەققىدە ، بىلەن ، هەم ، زە ، چۇ ، ئاھ» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر يەككە هالدا ئايرىم بىر مەنە ئاڭلىتالمىسىمۇ ، ئەمما جۈملىدە باشقا سۆزلەرنى بىر - بىرىگە باغلاپ ، قوشۇمچە مەنىلەرنى ۋە سۆزلىگۈچىنىڭ هەر خىل هېسسىياتلىرىنى بىلدۈرىدۇ .

دېمەك ، تىلىمىزدىكى سۆزلەر هەر خىل مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ . بەزى سۆزلەر ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئىسمىنى ، بەزى سۆزلەر ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ هەر خىل بەلگىلىرىنى ، بەزى سۆزلەر ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ سانىنى ۋە بەزى سۆزلەر ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئىش - هەرىكىتىنى هەم ئىش - هەرىكەتنىڭ ۋاقتى ، ئورنى ، هالىتىنى بىلدۈرىدۇ .

هەربىر سۆزنىڭ ئۆز ئالدىغا ئالاهىدە مەنىسى بولىدۇ . ئۇلار ئاڭلاتقان ئاشۇ ئالاهىدە مەنىلىرىگە قاراپ بىرقانچە تۈركۈملەرگە بۆلۈنىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەسىلەن :

ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئىسمىنى بىلدۈرىدىغان سۆز-لەر :

رەنا ، كىتاب ، كۆن ، ھەرىكەت ، بالا ، قادىر ، بۇل-بۇل ، دەريا ، سۇ ، يامغۇر ، پىكىر …

ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ھەر خىل بەلگىلىرىنى بىلدۈرى-دىغان سۆزلەر :

چوڭ ، ئېگىز ، قىزىل ، ساغلام ، كۆك ، ئۇزۇن ، ياخ-شى ، تاتلىق ، گۈزەل ، تۈزلۈق …

ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ سانىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر :

بەش ، ئون ، يىگىرمە ، مىڭ ، يەتتىنچى ، ئىككىدىن بىر ، بەشلەپ ، قىرىق ئالتە …

ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئىش - ھەرىكىتىنى بىلدۈرىدى-غان سۆزلەر :

ئوقۇ ، ياز ، ئىشلىدى ، چىقاردى ، كۈلدى ، ئويلىماق ، ئۇخلىدى ، كېلىدۇ ، يېزىۋاتىدۇ …

ئىش - ھەرىكەتنىڭ ۋاقتى ۋە ھالىتىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر :

ئەتىگەن ، بۈگۈن ، چۈشتە ، ئىتتىك ، ئاستا ، قەس-تەن ، ئالمان - تالمان …

جۈملىدە سۆزلەرنى بىر - بىرى بىلەن باغلاش رولىنى ئوينايدىغان سۆزلەر :

ھەققىدە ، ئۈچۈن ، شۇڭا ، ئەمما ، ۋە ، ھەم ، بىلەن ، زە ، چۇ ، دۇ …

تىلىمىزدىكى سۆزلەر ئاتالتقان مەنىلىرىگە قاراپ بىرقانچە تۈركۈمگە بۆلۈنىدۇ. سۆزلەرنىڭ شۇنداق تۈركۈملەرگە بۆلۈنۈشىنى سۆز تۈركۈمى دەپ ئاتايمىز.

ئۇيغۇر تىلىدا تۆۋەندىكىدەك سۆز تۈركۈملىرى بار:

1. ئىسىم:

يەر، سۇ، ئەمگەك، بېيجىڭ، رىزۋان، يامغۇر، بايرام، تاغ، تۇرپان، چاقماق، بۇلۇت، سەۋيە، ئەخلاق، ئەدەبىيات، تىل ...

2. سۈپەت:

سېمىز، يورۇق، ئاق، تاتلىق، چىرايلىق، دۆگىلەك، سارغۇچ، تىرىشچان، بىلىملىك، ئۆيسىز، بىگۇناھ ...

3. سان:

ئۈچ، ئون، بەش، يۈز، ئىككى مىڭ، تۆتىنچى، بەشەيلەن، مىڭلاپ ...

4. مىقدار سۆزلەر:

جىڭ، كىلوگرام، چارەك، چاقىرىم، مېتىر، لىتىر، نەپەر، دانە، باغلام، يۈتۈم، سىغىم، قېتىم ...

5. ئالماش:

مەن، سەن، ئۇ، بىز، ئۇلار، ئاۋۇ، مېنىڭكى، قاچان، كىم، ھېچقاچان ...

6. پېئىل:

ماڭ، ئىشلە، ئوقۇماق، يۇگۇرمەك، ئۇخلا، يايلا، كۆرسەت، پەيدا بولۇش، ئويلاش، ماختىماق، بېرىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

7 . رەڭ :

ئاقشام ، بۇگۈن ، يۇقىرى ، ئىچى ، چاپسان ، ئەتەي ، مەردلەرچە ...

8 . ياردەمچى سۆزلەر :

ۋە ، ھەم ، بىلەن ، ئەمما ، بىراق ، شۇڭلاشقا ، ئۇچۈن ، ھەققىدە ، زە ، چۇ ، ما ...

9 . ئىملىقلار :

جاراڭ ـ جۇرۇڭ ، قاراس ـ قۇرۇس ، لەپ ـ لەپ ، يالت ـ يۇلت ، شىلدىر ـ شىلدىر ...

10 . ئۈندەش سۆزلەر :

ئاھ ، ئىھ ، ۋاي ـ ۋۇي ، ئىست ، ھەتتىگىنەي ، ئاپلا ...

43 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇغۇچىلار ھەمدە جۈملە تەركىبىدىكى ھەربىر سۆزنىڭ قانداق مەنە ئىپادىلىگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار :

1 . ئوقۇغۇچىلار ئاق ، قىزىل ، كۆك ۋە سېرىق قەغەزلەردىن گۈل ياسىدى . 2 . بىز تۈنۈگۈن توپ مۇسابىقىسى كۆردۇق . 3 . پاھ ، بۇ گۈللەر نېمىدېگەن چىرايلىق ئېچىلغان ـ ھە ! 4 . قاسىم تېز يۈگۈرىدۇ . 5 . بىزنىڭ گۇرۇپپىدا 12 ئوقۇغۇچى بار . 6 . ئالىم تىرىشچان بالا .

# 10 . ئىسىم

1 . ئوقۇغۇچىلار ماشىنا بىلەن تاغقا چىقىپ كەتتى .

2 . مەكتەپ مەيداندا توپ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلۈۋاتىدۇ .

3 . ئەركىنلەرنىڭ بىغىدا ئالما ، ئۆرۈك ، شاپتۇل ، ئۈزۈملەر بار .

4 . مۇئەللىم سىنىپتا پىئونېرلار بىلەن يىغىن ئېچىۋاتىدۇ .

5 . هاۋا تۇتۇلۇپ ، قار ياغدى .

يۇقىرىقى جۈملىلەردىكى «ئوقۇغۇچىلار ، ماشىنا ، تاغ ، مەكتەپ ، مەيدان ، توپ ، مۇسابىقە ، ئەركىن ، باغ ، ئالما ، ئۆرۈك ، شاپتۇل ، ئۈزۈملەر ، مۇئەللىم ، سىنىپ ، پىئونېر ، يىغىن ، هاۋا ، قار» دېگەن سۆزلەرگە سوئال بېرىڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ قانداق مەنە ئىپادىلەيدىغانلىقىغا دىققەت قىلىڭلار .

> ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ، ۋەقەلەرنىڭ ھەم تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ناملىرىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى ئىسىم دەيمىز .
>
> ئىسىملارغا تۆۋەندىكىدەك سوئاللار بېرىلىدۇ : ئادەملەر ئۈچۈن «كىم؟ كىملەر؟» ؛ باشقا جانلىق ۋە جانسىز نەرسىلەر ئۈچۈن «نېمە؟ نېمىلەر؟»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەسىلەن :

ئادەم — رىزۋان ، پەرھات ، بوۋاي ، موماي ، ئىشچى ، باغۋەن ، بالا ، ئوقۇغۇچى ، دېھقان ...

ھايۋانلار — كالا ، ئات ، قوزا ، تايچاق ، تۆگە ، تولكە ، يولۋاس ...

ئۇچار قۇشلار — قۇشقاچ ، قاغا ، بۆدۇنە ، سار ، كەپتەر ، بۇلبۇل ...

ئۆسۈملۈكلەر — گۈل ، دەرەخ ، بىدە ، بۇغداي ، كېۋەز ، كۆكتات ...

تەبىئەت ھادىسىلىرى — گۈلدۈرماما ، بوران ، يامغۇر ، قار ، شامال ...

44 - كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ ، ئىسىملارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار :

باھار كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئابدۇرېھىم ئايلىنىپ باغقا كىرىپ قالدى . باغدىكى مېۋىلەر رەڭدار چېچەكلەرگە تولغان بولۇپ ، كېپىنەكلەر ، ئۇششاق جاندارلار چېچەكلەر ئۈستىدە تىنىمسىز ئەگىيتتى . بۇ گۈزەل مەنزىرە ئابدۇرېھىمنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى . ئۇ ، باللىق ھېسسىيات ئىلكىدە باغنى ئارىلاپ ، باغۋەن مۇسا تاغىنىڭ قېشىغا باردى . مۇسا تاغا ھەربىر توپ دەرەخنىڭ تۈۋىگە قوم يۆلەپ ، غولىغا قەغەز يۆگەش بىلەن مەشغۇل ئىدى . مۇسا تاغىنىڭ بۇ ئىشىدىن ھەيران بولغان ئابدۇرېھىم مۇسا تاغىغا سالام بەرگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى .

45 - كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇغلار ھەمدە

سوئال بېرىپ ئىسىملارنى تېپىڭلار :

پەن ـ بىلىم ئىگىلەيمەن

قولۇمدا كىتاب ـ دەپتەر ،
قەلبىمدە پۈتۈن ئالەم .
جاھاندا بارمىدۇ دوستلار ،
مېنىڭدەك بەختىيار ئادەم .

گۈل ـ غۇنچە ئېچىلمامدۇ ،
باھاردا نۇر ئېلىپ تاڭدىن .
زوق ـ ئىلھام ئالار دائىم
بۇلبۇل گۈل ـ گۈلىستاندىن .

**46** ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندە كۆرسىتىلگەن تۈرلەر بويىچە ھەربىر تۈرگە ئوندىن ئىسىم يېزىڭلار :

1 . ئوقۇش قوراللىرى — ...
2 . دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى — ...
3 . كۆكتاتلار — ...
4 . ئادەم ئىسىملىرى — ...
5 . ئىدارە ، تەشكىلات ناملىرى — ...
6 . تەبىئەت ھادىسىلىرى — ...
7 . مېۋىلەر — ...
8 . ھايۋانلار — ...
9 . قۇشلار — ...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

10 . ئەمگەك قوراللىرى — ...

11 . قاتناش قوراللىرى — ...

12 . يېمەكلىكلەر — ...

13 . تۇرمۇش بۇيۇملىرى — ...

47 ـ كۆنۈكمە . دەرسخانا ئىچىنى كۆزىتىپ ، دەرسخانا ئىچىدىكى نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئېيتىپ بېرىڭلار .

48 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى رەسىملەرنى كۆزىتىپ ، رەسىمدىكى ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى يېزىڭلار ھەمدە ئۇلارنى جۈملە ئىچىدە كەلتۈرۈڭلار :









# 11 . ئىسىملارنىڭ بىرلىك ھەم كۆپلۈك تۈرى

49 - كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى ئىككى قاتارغا يېزىلغان ئىسىملارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ ئوقۇغۇچىلار ھەمدە سوئال بېرىڭلار . ئۇلارنىڭ ئاڭلاتقان مەنىلىرىدە قانداق ئوخشىماسلىقلارنىڭ بارلىقىغا دىققەت قىلىڭلار :

| 1 - قاتار | 2 - قاتار |
|---|---|
| ئوقۇغۇچى | ئوقۇغۇچىلار |
| پارتا | پارتىلار |
| دەپتەر | دەپتەرلەر |
| قىز | قىزلار |
| رەسىم | رەسىملەر |
| شەھەر | شەھەرلەر |

**بىرلا ئادەم ياكى بىرلا نەرسىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى بىرلىك ئىسىم دەيمىز .**

مەسىلەن :

ئوقۇتقۇچى ، دەپتەر ، بالا ، تاغ ، دەريا ، قوغۇن ، كۆڭلەك ، مەكتەپ ، پىئونېر ...

**بىردىن ئوشۇق ئادەم ۋە بىردىن ئوشۇق نەرسىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى كۆپلۈك ئىسىم دەيمىز .**

**بىرلىك ئىسىملارغا «لار ، لەر» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق كۆپلۈك ئىسىملار ياسىلىدۇ .**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەسىلەن :

ئوقۇتقۇچىلار ، دەپتەرلەر ، بالىلار ، تاغلار ، دەريالار ، قوغۇنلار ، كۆڭلەكلەر ، مەكتەپلەر ، پىئونېرلار ...

ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى سۆزلەرگە تۆۋەندىكى قائىدە بويىچە ئۇلىنىپ كېلىدۇ :

> **تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بوغۇم بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە «لار» ، تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بوغۇم بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە «لەر» ئۇلىنىدۇ .**

مەسىلەن :

بالا+ لار= بالىلار ، مەكتەپ+ لەر= مەكتەپلەر

قوي+ لار= قويلار ، ئۈزۈم+ لەر= ئۈزۈملەر

ئاش+ لار= ئاشلار ، گۈل+ لەر= گۈللەر

ئويۇن+ لار= ئويۇنلار ، جۈملە+ لەر= جۈملىلەر

ئالما+ لار= ئالمىلار ، يەر+ لەر= يەرلەر

> **ئىسىملارغا كۆپلۈك قوشۇمچىلىرىدىن باشقا سۆز ياسىغۇچى ۋە سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارمۇ ئۇلىنىپ كېلىدۇ . بۇنداق ئەھۋالدا سۆزلەرنىڭ بىرلىك ياكى كۆپلۈك مەنىسى ئۆزگەرمەيدۇ .**

مەسىلەن :

ئوقۇغۇچىغا ، ئوقۇغۇچىلارغا ، دەپتەرگە ، دەپتەرلەر-

گە ، بالىغا ، بالىلارغا ، تاغدىن ، تاغلاردىن ، دەريانىڭ ، دەر-
يالارنىڭ ، قوغۇننى ، قوغۇنلارنى ، كۆڭلىكىم ، كۆڭلەكلى-
رىم ، مەكتىپىڭ ، مەكتىپىڭلار

**50 ـ كۆنۈكمە**. تۆۋەندىكى بىرلىك مەنىدىكى ئىسىملار-
نى كۆپلۈك مەنىدىكى ئىسىملارغا ئۆزگەرتىپ يېزىڭلار :

قەلەم ، ئۇستەل ، تراكتور ، بۇغداي ، ئۆردەك ، ئۇ-
زۇم ، قوغۇن ، ئالما ، ئۆي ، ئادەم ، دادا ، قەھرىمان ، ئۇ-
تۇق ، يۇلتۇز ، قول ، زاۋۇت ، ئانا ، پىكىر ، بىلىم ، دوسكا
يەر ، ئىدارە

**51 ـ كۆنۈكمە**. تۆۋەندىكى كۆپلۈك مەنىدىكى ئىسىم-
لارنى بىرلىك مەنىدىكى ئىسىملارغا ئۆزگەرتىپ يېزىڭلار :

تاغلار ، يولداشلار ، ئەلاچىلار ، ئۇستەللەر ، باشلار ،
ئۇزۇملەر ، دوستلار ، پارتىلار ، ئىشچىلار ، ماشىنىلار ، دە-
رەخلەر ، توپلار ، ئىشىكلەر ، قەلەملەر ، ئورۇندۇقلار ، مەي-
دانلار ، ئادەملەر ، دەرسلىكلەر ، تاپشۇرۇقلار ، باغچىلار

**52 ـ كۆنۈكمە**. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ ياز-
غاچ ، بىرلىك ساندىكى ئىسىملارنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق ،
كۆپلۈك ساندىكى ئىسىملارنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سى-
زىڭلار :

1 . بىزنىڭ سىنىپ پاكىز ھەم يورۇق . 2 . سىنىپقا
پارتىلار رەتلىك قويۇلغان . 3 . ئوقۇغۇچىلار ھەر كۈنى
سىنىپنى نۆۋەت بىلەن تازىلايدۇ . 4 . مەكتەپ سىنىپلار
ئارا تازىلىق مۇسابىقىسىنى يولغا قويدى . 5 . ئوقۇتقۇچىمىز

بىزنى تازىلىقنى تېخىمۇ ياخشىلاش ھەققىدە مۇزاكىرىگە ئۇيۇشتۇردى . 6 . ئوقۇغۇچىلار تازىلىقنى تېخىمۇ ياخشىلاشقا بەل باغلىدى .

53 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ چىقىپ ، بىرلىك ساندىكى ئىسىملارنى بىر قاتارغا ، كۆپلۈك ساندىكى ئىسىملارنى يەنە بىر قاتارغا كۆچۈرۈپ يېزىڭلار :

## شەھەر خاتىرىسى

يازدا ناسىر بىلەن ئىككىمىز شەھەرگە باردۇق . شەھەر ناھايىتى چوڭ ئىكەن . ئېگىز ۋە چىرايلىق ئىمارەتلەرنى ، كەڭ ، گۈزەل كوچىلارنى كۆردۇق . كوچىلاردا قاتار ـ قاتار دەرەخلەر ، ئېرىقلاردا ئېقىپ تۇرغان سۈزۈك سۇلار شەھەرنى سالقىن قىلىپ تۇراتتى .


تۈرلۈك ماللار ماگىزىنغا كىردۇق . ماگىزىندا ئويۇنچۇق قورالىرى ۋە تۈرلۈك ماللار نۇرغۇن ئىكەن . ناسىر ئىككىمىز شەھەردە راسا تاماشا قىلدۇق . ناسىر كىتاب ئالدى . مەن دەپتەر ، قېرىنداش ھەم بوياقلارنى ئالدىم . ئەتىسى يېزىمىزغا قايتىپ كەلدۇق .

54 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى رەسىملەردە بېرىلگەن نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى يېزىڭلار ھەمدە كۆپلۈكنى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچىلارنى ئېيتىپ بېرىڭلار :







ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

## 12 . ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى

تۆۋەندىكى «مەكتەپ» دېگەن سۆزگە قانداق قوشۇمچىلار ئۇلىنىپ كەلگەن؟ قوشۇمچىلار ئۇلانغاندىن كېيىن، ئۇ سۆزنىڭ مەنىسىدە قانداق ئۆزگىرىشلەر بولغان؟

مەكتەپ — مەكتىپىم، مەكتىپىمىز

مەكتەپ — مەكتىپىڭ، مەكتىپىڭلار

مەكتەپ — مەكتىپى

«مەكتەپ» دېگەن سۆزگە «-ىم» قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ كېلىپ، مەكتەپنىڭ 1 ـ شەخسكە، يەنى سۆزلىگۈچىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى (مېنىڭ مەكتىپىم) بىلدۈرگەن؛ «-ىمىز» قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ، 1 ـ شەخسنىڭ كۆپلۈك ئىكەنلىكىنى (بىزنىڭ مەكتىپىمىز) بىلدۈرگەن؛ «مەكتەپ» دېگەن سۆزگە «-ىڭ» قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ كېلىپ، مەكتەپنىڭ 2 ـ شەخسكە، يەنى تىڭشىغۇچىغا تەۋە ئىكەنلىكىنى (سېنىڭ مەكتىپىڭ) بىلدۈرگەن؛ «-ىڭلار» قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ 2 ـ شەخسنىڭ كۆپلۈك تۈرىنى (سىلەرنىڭ مەكتىپىڭلار) بىلدۈرگەن. ئەمدى «مەكتەپ» دېگەن سۆزگە «-ى» قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ، مەكتەپنىڭ 3ـ شەخسكە، يەنى باشقىلارغا تەۋە ئىكەنلىكىنى (ئۇنىڭ

مەكتىپى ، ئۇلارنىڭ مەكتىپى ) بىلدۈرگەن .

ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ قايسى شەخسكە قاراشلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچىلارنى ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى دەيمىز .
ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كەلگەن ئىسىم- لار بىرلىك ھەم كۆپلۈك شەكلىدە بولۇپ ، «مېنىڭ ، بىزنىڭ ، سېنىڭ ، سىلەرنىڭ ، ئۇنىڭ ، ئۇلارنىڭ» دې- گەن ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى ئۇلانغان ئۈچ شەخس بىلەن باغلىنىپ ئېيتىلىدۇ .

مەسىلەن :

بىرلىك

1 ـ شەخس (سۆزلىگۈچى ) : مېنىڭ مەكتىپىم

2 ـ شەخس (تىڭشىغۇچى ) : سېنىڭ مەكتىپىڭ

3 ـ شەخس (ئۆزگە ) : ئۇنىڭ مەكتىپى

كۆپلۈك

1 ـ شەخس (سۆزلىگۈچى ) : بىزنىڭ مەكتىپىمىز

2 ـ شەخش (تىڭشىغۇچى ) : سىلەرنىڭ مەكتىپىڭلار

3 ـ شەخس (ئۆزگە ) ئۇلارنىڭ مەكتىپى

ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئى- سىملارغا ئۇلىنىپ كېلىشى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ :

1 ـ شەخس (سۆزلىگۈچى ) قوشۇمچىلىرى

بىرلىك ئۈچۈن : ـ م ، ـ ىم ، ـ ۇم ، ـ ۈم

كۆپلۈك ئۈچۈن : ـ مىز ، ـ ىمىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

| بىرلىك | كۆپلۈك |
| --- | --- |
| ئانا — مېنىڭ ئانام | بىزنىڭ ئانىمىز |
| ۋەتەن — مېنىڭ ۋەتىنىم | بىزنىڭ ۋەتىنىمىز |
| ئوقۇش — مېنىڭ ئوقۇشۇم | بىزنىڭ ئوقۇشىمىز |
| سۆز — مېنىڭ سۆزۈم | بىزنىڭ سۆزىمىز |

2 ـ شەخس (تىڭشىغۇچى) قوشۇمچىلىرى

بىرلىك ئۈچۈن : ـ ڭ ، ـ ىڭ ، ـ ۇڭ ، ـ ۈڭ .

سىپايە تۈرى ئۈچۈن : ـ ڭىز ، ـ ىڭىز ، ـ لىرى

كۆپلۈك ئۈچۈن : ـ ڭلار ، ـ ىڭلار ، ـ ۇڭلار ، ـ ۈڭلار

| بىرلىك | كۆپلۈك |
| --- | --- |
| ئانا — سېنىڭ ئاناڭ | سىلەرنىڭ ئاناڭلار |
| دەپتەر — سېنىڭ دەپتىرىڭ | سىلەرنىڭ دەپتىرىڭلار |
| قول — سېنىڭ قولۇڭ | سىلەرنىڭ قولۇڭلار |
| كۆز — سېنىڭ كۆزۈڭ | سىلەرنىڭ كۆزۈڭلار |

سىپايە تۈرى

| | |
| --- | --- |
| ئانا — سىزنىڭ ئانىڭىز | سىلىنىڭ ئانىلىرى |
| دەپتەر — سىزنىڭ دەپتىرىڭىز | سىلىنىڭ دەپتەرلىرى |
| قول — سىزنىڭ قولىڭىز | سىلىنىڭ قوللىرى |
| كۆز — سىزنىڭ كۆزىڭىز | سىلىنىڭ كۆزلىرى |

3 ـ شەخس (ئۆزگە) قوشۇمچىلىرى

بىرلىك ھەم كۆپلۈك ئۈچۈن : ـ ى ، ـ سى

بىرلىك

ئانا — ئۇنىڭ ئانىسى
دەپتەر — ئۇنىڭ دەپتىرى
قول — ئۇنىڭ قولى
كۆز — ئۇنىڭ كۆزى

كۆپلۈك

ئۇلارنىڭ ئانىسى
ئۇلارنىڭ دەپتىرى
ئۇلارنىڭ قولى
ئۇلارنىڭ كۆزى

## ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىش ئۈلگىسى

| | بىرلىك | | كۆپلۈك | |
|---|---|---|---|---|
| شەخسلەر | قوشۇمچىلىرى | مىساللار | قوشۇمچىلىرى | مىساللار |
| 1 - شەخس | - م<br>- ىم<br>- ۇم<br>- ۇم | دادام<br>ئەمگىكىم<br>ئوقۇشۇم<br>سۆزۈم | - مىز<br><br>- ىمىز<br> | دادىمىز<br>ئەمگىكىمىز<br>ئوقۇشىمىز<br>سۆزىمىز |
| 2 - شەخس | - ڭ<br>(- ڭىز)<br>- ىڭ<br>- ىڭىز<br>- ۇڭ<br>- ۇڭ | داداڭ<br>(دادىڭىز)<br>ئەمگىكىڭ<br>(ئەمگىكىڭىز)<br>ئوقۇشۇڭ<br>سۆزۈڭ | <br>- ڭلار<br>- ىڭلار<br><br>- ۇڭلار<br>- ۇڭلار | <br>داداڭلار<br>ئەمگىكىڭلار<br><br>ئوقۇشۇڭلار<br>سۆزۈڭلار |
| 3 - شەخس | - سى<br>- ى<br>- ى<br>- ى | دادىسى<br>ئەمگىكى<br>ئوقۇشى<br>سۆزى | - سى<br>- ى<br>- ى<br>- ى | دادىسى<br>ئەمگىكى<br>ئوقۇشى<br>سۆزى |

55 ـ كۆنۈكمە. «مېنىڭ، سېنىڭ، سىزنىڭ، ئۇنىڭ، بىزنىڭ، سىلەرنىڭ، سىلىنىڭ، ئۇلارنىڭ» دېگەن سۆز-لەرگە «دوست، قەلەم، ئۈزۈم، ئالما» دېگەن ئىسىملارنى قوشۇپ يېزىڭلار ھەمدە بۇ ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا قانداق قوشۇمچىلار ئۇلىنىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىڭلار:

ئۈلگە:

مېنىڭ دوستۇم، سېنىڭ دوستۇڭ، سىزنىڭ دوستى-ڭىز، ئۇنىڭ دوستى، بىزنىڭ دوستىمىز، سىلەرنىڭ دوس-تۇڭلار، سىلىنىڭ دوستلىرى، ئۇلارنىڭ دوستى

56 ـ كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار ھەمدە ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كەلگەن ئىسىملارنى تې-پىپ، ئۇلارنىڭ تومۇرىنى قوشۇمچىلىرىدىن ئايرىپ يېزىڭ-لار:

1. ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگىرويىڭ سامان بولماس. 2. سىلەرنىڭ ئەمگىكىڭلار ياخشى بوپتۇ. 3. ئۇنىڭ ئوقۇشى ياخشى. 4. قاسىمنىڭ دادىسى بىزنىڭ مەكتىپى-مىزدە ئىشلەيدۇ. 5. مېنىڭ ئۇكام بىرىنچى سىنىپتا ئو-قۇيدۇ. 6. سېنىڭ خېتىڭ چىرايلىق ئىكەن. 7. ئۇلارنىڭ سىنىپى تازىلىقتا ياخشى. 8. تۇرسۇنلارنىڭ مەكتىپى بىز-نىڭ ئۆيگە يېقىن. 9. مەكتەپنىڭ بىناسى پۈتتى. 10. ئوقۇ-غۇچىلار ياتىقى مەكتەپ ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئارقىسىدا.

ئۈلگە: يۇرتۇڭ — يۇرت-ۇڭ

57 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى ئىسىملارنى ئۈچ شەخسنىڭ بىرلىك ھەم كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەڭلار :

كىتاب ، قەغەز ، يىزا ، پۈت ، ئۆي ، دەرسخانا

ئۈلگە :

كىتابىم ، كىتابىمىز ، كىتابىڭ ، كىتابىڭىز ، كىتابلىرى ، كىتابىڭلار ، كىتابى

58 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇپ ، ئىگىلىك قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ كەلگەن ئىسىملارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار :

## بىلىم بۇلىقى

ئىلىم ـ پەن بېغى ،
كەڭدۇر قۇچىقى .
ئىچسەك تۈگىمەس
بىلىم بۇلىقى .

ئۇنى ئىچمىسەڭ ،
بولار خورلۇقى .
بىلىنەر ھامان
ئىچىڭ پورلۇقى .

ئۇنى ئىچكەننىڭ
كۆپتۇر ماغدۇرى .
بولار ھەر سەپتە
جەڭنىڭ باتۇرى .

www.uyghurkitap.com

ئۇنى ئىچكەننىڭ
قانار ئارزۇسى .
باسماس نادانلىق ،
كۆلپەت قايغۇسى .

**59** - كۆنۈكمە . كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا لايىق ئىد-
گىلىك قوشۇمچىلىرىنى قويۇپ ، تۆۋەندىكىلەرنى كۆچۈرۈپ
يېزىڭلار :

1 . مېنىڭ ئاكا... مەكتەپتە ئىشلەيدۇ . 2 . ئەخمەت-
نىڭ دادا... توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدا ئىشلەيدۇ . 3 . ئاينۇر-
نىڭ ئىملا... توغرا ھەم چىرايلىق . 4 . سىلەرنىڭ ئۆجمە
...پىشتىمۇ ؟ 5 . ئۇلارنىڭ ئۆي... مەكتەپكە يېقىن . 6 . ئۇلار-
نىڭ ئۆگىنىش... ھەقىقەتەن ياخشى . 7 . سېنىڭ قول...
گۈل ئىكەن .

# 13 . ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى ئۇلانغان ئىسىملارنىڭ ئىملاسى

60 - كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى سۆزلەرنى بېرىلگەن ئىگىلىك قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاپ كۆچۈرۈڭلار :

| | |
|---|---|
| ئات+ى= | بالا+سى= |
| باغ+ى= | قەلەم+ى= |
| يەر+ىم= | ۋەتەن+ىم= |
| ئاش+ىم= | مەكتەپ+ىم= |
| بەل+ىڭ= | ئۇستەل+ىڭ= |
| باش+ىڭ= | ياتاق+ىڭ= |

بەزى ئىسىملارغا ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندا، شۇ ئىسىملار تەركىبىدىكى «ئا، ئە» سوزۇق تاۋۇشلىرىدا ئۆزگىرىش بولىدۇ ھەم شۇ ئۆزگىرىش بويىچە يېزىلىدۇ .

مەسىلەن :

ئات+ى=ئېتى

باغ+ى=بېغى

ئەل+ىم=ئېلىم

تەن+ىم=تېنىم

دەپتەر+ى=دەپتىرى

ئالما+سى=ئالمىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دەرسخانا + مىز = دەرسخانىمىز

«ئا، ئە» سوزۇق تاۋۇشلىرى بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق ئىسىملارغا ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندا شۇ سۆزلەر تەركىبىدىكى «ئا، ئە» سوزۇق تاۋۇشلىرى «ئې» سوزۇق تاۋۇشغا نۆۋەتلىشىدۇ ۋە شۇنداق يېزىلىدۇ.

مەسىلەن:

ئاش + ىم = ئېشىم

باش + ى = بېشى

جان + ىڭ = جېنىڭ

بەل + ىمىز = بېلىمىز

يەر + ىڭلار = يېرىڭلار

نان + ىڭ = نېنىڭ

«ئا، ئە» سوزۇق تاۋۇشلىرى بىلەن تۈزۈلگەن كۆپ بوغۇملۇق ئىسىملارغا ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندا شۇ ئىسىملارنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى «ئا، ئە» سوزۇق تاۋۇشلىرى «ئى» سوزۇق تاۋۇشغا نۆۋەتلىشىدۇ ھەم شۇنداق يېزىلىدۇ.

مەسىلەن:

ئانا + سى = ئانىسى

مەكتەپ + ىم = مەكتىپىم

چاپان + ىڭلار = چاپىنىڭلار

كۆڭلەك + ىم = كۆڭلىكىم

ياتاق + ى = ياتىقى
قەلەم + ىمىز = قەلىمىمىز

بەزى سۆزلەرنى ئوقۇغاندا، ئۇ سۆزلەر سوزۇپراق ئوقۇلغاچقا، ئۇنداق سۆزلەرگە ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى ئۇلانسىمۇ، ئەمما ئۇ سۆزلەردىكى «ئا، ئە» سوزۇق تاۋۇشلىرى ئاجىزلاشماي، يەنىلا ئۆز پېتى تەلەپپۇز قىلىنىدۇ ھەم ئۆزگەرتىلمەي يېزىلىدۇ.

مەسىلەن:

نام + ى = نامى
قارار + ىم = قارارىم
بىنا + سى = بىناسى
تەم + ى = تەمى
ئېلىپبە + سى = ئېلىپبەسى
ئەخلاق + ى = ئەخلاقى

**61** ـ كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى بىر بوغۇملۇق ئىسىملارنىڭ ھەربىرىگە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئۈچ شەخس قوشۇمچىلىرىنىڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان بىرلىك ھەم كۆپلۈك تۈرلىرىنى ئۇلاپ يېزىڭلار:

ئاش، خەت، باغ، مال، يەر، بەل، ئەل، تەر، تەم، چاق

ئۈلگە:

ئاش — ئېشىم، ئېشىمىز، ئېشىڭ، ئېشىڭلار، ئېشى

**62** ـ كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى كۆپ بوغۇملۇق ئىسىملارنىڭ ھەربىرىگە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئۈچ شەخس قوشۇم-

چىلىرىنىڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان بىرلىك ھەم كۆپلۈك تۈر-لىرىنى ئۇلاپ يېزىڭلار :

قەلەم ، پارتا ، مېۋە ، ۋەتەن ، ئوقۇغۇچىلار ، مەملى-كەت ، كەتمەن ، ئاتا ، بالىلار ، كىتاب

ئۈلگە :

بالا — بالام ، بالىمىز ، بالاڭ ، بالىڭىز ، بالىلىرى ، بالاڭلار ، بالىسى

63 - كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى ئىگىلىك قوشۇمچىسى ئۇلان-غان ئىسىملارنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار . ئىملاسى توغرا بول-غانلىرىغا «✓» بەلگىسىنى ، خاتا بولغانلىرىغا «✕» بەل-گىسىنى قويۇڭلار ھەم قايتىدىن توغرىلاپ يېزىڭلار :

ئۆكام ، ۋەتىنىمىز ، خېتىڭلار ، كىتابى ، بەدىنىمىز ، قولۇقۇم ، ئۇزىمى ، پارتامىز ، كۆينەكى ، خالتاڭ ، ئالمىي-مىز ، قەلەمىڭلار ، ئۆتىكىم ، ئىملايىڭلار ، بىناسى ، ياتى-قى ، ئەينىكىم ، بىلىكى ، ئەمگىكىڭ

64 - كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇڭلار ھەمدە قايسى سۆزلەردە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تۆۋەتلەشكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار :

ئويۇنچۇقۇم

ئويۇنچۇقۇم چىرايلىق ،
ساڭا بېرەي قونچىقىم .
بۆشۈك ساڭا قولايلىق ،
بۆلەپ قوياي ئومىقىم .

شوخلۇق قىلماي ئۇخلىغىن ،
قوزىچىقىم مەن بىلەن .
ئەركە ـ نايناق بولمىساڭ ،
كۇتەي سېنى قەنت بىلەن .

ئەللەي ـ ئەللەي ئامرىقىم ،
ئويۇنچۇقۇم قوزىچاق .
تىل تەگمىسۇن دەپ ساڭا ،
ئېسىپ قويدۇم كۆز مۇنچاق .

چىرايلىقىم ، مەن سېنى
ئاسراي گويا غۇنچىدەك .
ئۆيىمىزنىڭ تۆرىدە
تۇرغىن ياقۇت ئۇنچىدەك .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 14 . ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ئىملاسى

«ق ، ك ، پ» تاۋۇشلىرى بىلەن ئاياغلاشقان كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى قوشۇل-غاندا سۆز ئاخىرىدىكى «ق ، ك ، پ» تاۋۇشلىرى «غ ، گ ، ۋ» تەلەپپۇز قىلىنىسىمۇ ، لېكىن يازغاندا «غ ، گ ، ۋ» تاۋۇشلىرىغا ئۆزگەرتىلمەي ، يەنىلا «ق ، ك ، پ» ھالىتىدە يېزىلىدۇ .

مەسىلەن :

تاۋاق — تاۋىقىم ، تاۋىقىڭ ، تاۋىقى

پىچاق — پىچىقىمىز ، پىچىقىڭلار ، پىچىقى

بىلەك — بىلىكىم ، بىلىكىڭ ، بىلىكى

ئۆتۈك — ئۆتۈكىمىز ، ئۆتۈكۈڭلار ، ئۆتۈكى

مەكتەپ — مەكتىپىم ، مەكتىپىڭ ، مەكتىپى

ئاخىرى «غ ، گ» تاۋۇشلىرى بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە يەنە شۇ «غ ، گ» تاۋۇشلىرى بىلەن باشلان-غان قوشۇمچىلارنى قوشۇپ تەلەپپۇز قىلىشقا قىيىن بولغاچقا ، «ق ، ك» بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار قو-شۇلىدۇ . مۇنداق قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا سۆز ئاخىرى-دىكى «غ ، گ» تاۋۇشلىرى «ق ، ك» تەلەپپۇز قىلىن-سىمۇ ، يېزىقتا يەنىلا «غ ، گ» بويىچە يېزىلىدۇ .

مەسىلەن:

باغ+قا=باغقا («باققا» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ)

ساغ+قان=ساغقان («ساققان» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ)

چىغ+قا=چىغقا («چىققا» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ)

ئەگ+كەن=ئەگكەن («ئەككەن» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ)

تۆگ+كەن=تۆگكەن («تۆككەن» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ)

چىگ+كىلى=چىگكىلى («چىككىلى» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ)

**«ب، د» تاۋۇشلىرى بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە جاراڭلىق تاۋۇشلار بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلارنى ئۇلىغاندا، تەلەپپۇز قىلىش قىيىن بولغاچقا، جاراڭسىز تاۋۇشلار بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ.**

مەسىلەن:

كىتاب — كىتابقا، كىتابتا، كىتابتىن

جاۋاب — جاۋابقا، جاۋابتا، جاۋابتىن

ھېساب — ھېسابقا، ھېسابتا، ھېسابتىن

ئىقتىساد — ئىقتىسادقا، ئىقتىسادتا، ئىقتىسادتىن

تەنقىد — تەنقىدكە، تەنقىدتە، تەنقىدتىن

ئەۋلاد — ئەۋلادقا، ئەۋلادتا، ئەۋلادتىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى «د، ب» تاۋۇشلىرى تەلەپپۇزدا «ت، پ» ئېيتىلسىمۇ، ئەمما ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا يەنىلا «د، ب» غا ئايلانسا، «د، ب» بويىچە يېزىلىدۇ.

مەسىلەن:

ھېساب — ھېسابىم، ھېسابىڭ، ھېسابى

كىتاب — كىتابىمىز، كىتابىڭلار، كىتابى

ئىقتىساد — ئىقتىسادىم، ئىقتىسادىڭ، ئىقتىسادى

ئۈمىد — ئۈمىدىمىز، ئۈمىدىڭلار، ئۈمىدى

ئوچۇق بوغۇملۇق بەزى سۆزلەرگە 1 ـ ۋە 2 ـ شەخس قوشۇمچىلىرىنى ئۇلىغاندا، شەخس قوشۇمچىلىرىنىڭ ئالدىغا «ي» قوشۇپ يېزىلىدۇ. 3 ـ شەخستە «سى» قوشۇمچىسى ئۇلىنىدۇ.

مەسىلەن:

بىنا — بىنايىم، بىنايىڭ، بىناسى

ئىملا — ئىملايىمىز، ئىملايىڭلار، ئىملاسى

ماتا — ماتايىم، ماتايىڭ، ماتاسى

پەقەت «سۇ» سۆزىگىلا 3 ـ شەخستە «سى» قوشۇلماي، «ي» قوشۇلىدۇ.

مەسىلەن:

سۇ — سۇيۇم، سۇيۇڭ، سۇيى

65 ـ كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە ئىگىلىك قوشۇمـ-

چىلىرىنى ئۇلاپ يېزىڭلار:

بايراق، ئورغاق، ئەينەك، يۈرەك، قۇلاق، چەينەك، ياتاق، ئىشىك، ياغلىق، كۆڭلەك، شەرەپ، مەكتەپ

ئۈلگە:

ياغلىق — ياغلىقىم، ياغلىقىمىز، ياغلىقىڭ، ياغلىقىڭلار، ياغلىقىڭىز، ياغلىقلىرى، ياغلىقى

66 ـ **كۆنۈكمە**. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يازغاچ، كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا لايىق كېلىدىغان ئىگىلىك قوشۇمچىلىرىنى قويۇڭلار:

1. پىئونېرلارنىڭ گالستۇك ... شامالدا لەپىلدىمەكتە. 2. ئايشەمنىڭ ياغلىق ... قىزىل ئىكەن. 3. سىزنىڭ تاپشۇرۇق ... تۈگىدىمۇ؟ 4. سىنىپىڭنىڭ ئىشىك ... ئوچۇق تۇرىدۇ. 5. دادا، سىلىنىڭ بىلەك ... تالدىمۇ؟ 6. ۋەتىنىمىزنىڭ بايلىق ... نۇرغۇن. 7. سىلەرنىڭ ئەمگەك ... ئاخىرلىشىپ قاپتىغۇ. 8. ئۇلارنىڭ بايراق ... بىزدىن كۆپ ئىكەن. 9. بىزنىڭ مەكتەپ ... مەدەنىيەتلىك مەكتەپ بولۇپ باھالاندى. 10. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ تىلەك ... پەرزەنتلىرىنى ۋەتەنگە ياراملىق ئادەم قىلىپ تەربىيىلەش.

67 ـ كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ، ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كەلگەن ئىسىملارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار:

مۇسا تاغا تىنىم تاپمايدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ ھەر دائىم «ئەمگىكىڭ قاتتىق بولسا، مېۋىسى تاتلىق بولىدۇ» دەيتتى. شۇڭا، كىشىلەرمۇ: «بۇ باغنىڭ مېۋىسى سەرخىل،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەمى تاتلىق » دەپ تەرىپلىشەتتى . كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئابدۇرېھىم باغدىن ئايرىلالمايدىغان بولۇپ قالدى . ئۇنى ئايىسى ئىزدىگەن چاغلىرىدىمۇ ئۇدۇللا باغدىن تاپاتتى .

68 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇغۇچىلار ھەمدە «گ ، غ» تەلەپپۇز قىلىنىپ ، «ك ، ق» يېزىلغان سۆزلەر- نىڭ ئاستىغا سىزىڭلار :

لەگلىكىم

غۇر ـ غۇر سوققان شامالدا
ئەگىپ ئۇچتى لەگلىكىم .
پەرۋاز قىلىپ سامادا
كۆكنى قۇچتى لەگلىكىم .

بىر جۈپ ئاچا قۇيرۇقى
ئاڭا زەپمۇ ياراشقان .
كۆرگەن كۆزلەر ھەۋەستە
مەپتۇن بولۇپ قاراشقان .

پەرۋاز قىلىپ سامادا
ئۇچتى شۇڭا لەگلىكىم .
پەخىرلەندىم تۇنجى رەت
مېۋە بەرگەچ ئەمگىكىم .

69 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى سۆزلەرگە كۆرسىتىلگەن قوشۇمچىلارنىڭ مۇۋاپىقلىرىنى ئۇلاپ يېزىڭلار :

تاغ+ (-غا ، -قا )=

تەگ+ (-كەن ، -گەن )=

تۆغ+ (-غان ، -قان )=

بەگ+ (-گە ، -كە )=

چوغ+ (-قا ، -غا )=

ياغ+ (-غا ، -قا )=

چىگ+ (-كىلى ، -گىلى )=

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 15 . ئىسىملارنىڭ كىلىشلەر بىلەن تۈرلىنىشى

تۆۋەندىكى جۈملىلەردىن «ۋەتەن ، خەلق» دېگەن سۆز-لەرنى تېپىڭلار . ئۇلارغا سوئال بېرىڭلار ھەمدە ئۇ سۆزلەر-گە قانداق قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلانغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار :

1 . ۋەتەن — بىزنىڭ ئانىمىز . 2 . بىز — ۋەتەننىڭ كەلگۈسى ئۈمىدلىرى . 3 . بىز ۋەتەننى قىزغىن سۆيىمىز . 4 . بىز ۋەتەنگە سادىق بولىمىز . 5 . ۋەتەندىن يۈز ئۆرۈش — خائىنلىق . 6 . بىز ۋەتەندە ئەركىن ياشاۋاتىد-ىمىز . 7 . خەلق — ھەقىقىي قەھرىمان . 8 . خەلقنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلايمىز . 9 . ھەممە ئىشتا خەلقنى ئويلاش لازىم . 10 . ئۇلار خەلققە پايدىلىق ئىشلارنى قىلدى . 11 . بىز خەلقتىن ئايرىلالمايمىز . 12 . ئەقىل - پاراسەت خەلقتە بولىدۇ .

يۇقىرىقى جۈملىلەردىكى «ۋەتەن» دېگەن سۆز «ۋە-تەن ، ۋەتەننىڭ ، ۋەتەننى ، ۋەتەنگە ، ۋەتەندىن ، ۋەتەندە» دېگەن شەكىللەردە كېلىپ ، ئۇلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا شۇ جۈملىلەردىكى «ئانىمىز ، ئۈمىدلىرى ، سۆيىمىز ، سا-دىق بولىمىز ، يۈز ئۆرۈش ، ياشاۋاتىمىز» دېگەن سۆزلەر بىلەن باغلىنىپ كەلگەن ؛ «خەلق» دېگەن سۆز «خەلق ،

خەلقنىڭ ، خەلقنى ، خەلققە ، خەلقتىن ، خەلقتە » دېگەن شەكىللەردە كېلىپ ، بۇ سۆزلەر ئايرىم - ئايرىم ھالدا «قەھرىمان ، ئۇمىدىنى ، ئويلاش لازىم ، پايدىلىق ئىشلارنى قىلدى ، ئايرىلالمايمىز ، بولىدۇ » دېگەن سۆزلەر بىلەن باغ- لىنىپ كەلگەن .

> جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن باغلى- نىپ كېلىشى ئۈچۈن ئۇلارغا تۈرلۈك قوشۇمچىلار ئۇل- نىپ ، سۆزلەرنىڭ ئاخىرى ئۆزگىرىدۇ ، شۇ قوشۇمچى- لارنىڭ بىر تۈرىنى كېلىش قوشۇمچىلىرى دەيمىز .
> ئىسىملارغا كېلىش قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىپ يې- زىلىشىنى ئىسىملارنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىشى دەيمىز .

كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەن ئىسىملارغا «كىم؟ نېمە؟ كىمنىڭ؟ نېمىنىڭ؟ كىمنى؟ نېمىنى؟ كىمگە؟ نېمىگە؟ كىمدىن؟ نېمىدىن؟ كىمدە؟ نېمىدە؟ » دېگەنگە ئوخشاش سوئاللار بېرىلىدۇ .

مەسىلەن :

مۇئەللىم (كىم؟ ) سىنىپقا كىردى .

مەن كىتابنى (نېمىنى؟ ) ئوقۇپ بولدۇم .

ئارزۇگۈلنىڭ (كىمنىڭ؟ ) خېتى چىرايلىق .

ئابلەت ئىمتىھاندىن (نېمىدىن؟ ) ياخشى ئۆتتى .

مەن ئاكامغا (كىمگە؟ ) خەت يازدىم .

سومكىدا (نېمىدە؟ ) كىتاب - دەپتەر بار .

ئەگەر كېلىش قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ كەلگەن ئىسىم-لارغا ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك ۋە ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كەلگەن بولسا، شۇ ئىسىملارغا بېرىلىدىغان سو-ئاللارغىمۇ كۆپلۈك ۋە ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كېلىدۇ.

مەسىلەن:

ئوقۇغۇچىلار (كىملەر؟) مەكتەپكە كەلدى.

سىنىڭ كىتابىڭ (نېمەڭ؟) بارمۇ؟

ئالىيەنىڭ كىتابلىرى (نېمىلىرى؟) جىق.

ئۇنىڭ دادىسى (كىمى؟) ئوقۇتقۇچى.

ئۇ كام مەكتەپتىن (قەيەردىن؟) كەلدى.

قاسىم ئۈرۈمچىگە (قەيەرگە؟) باردۇ، مەن ئۆيگە (نەگە؟) قايتىمەن.

بىز هازىرغىچە ئىسىملارنىڭ بىرلىك هەم كۆپلۈك شەكلىگە ئۇلىنىپ كېلىدىغان كېلىش قوشۇمچىلىرىنىڭ ئالتىسى بىلەن تونۇشۇپ تۇرىمىز.

| كېلىشلەر | قوشۇمچىلىرى |
|---|---|
| 1. باش كېلىش | يوق |
| 2. ئىگىلىك كېلىش | -نىڭ |
| 3. چۈشۈم كېلىش | -نى |
| 4. يۆنىلىش كېلىش | -غا، -قا، -گە، -كە، -قە |
| 5. چىقىش كېلىش | -دىن، -تىن |
| 6. ئورۇن كېلىش | -دا، -دە، -تا، -تە |



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىسىملارنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىشى ئوخشاش بولمايدۇ، ئۇلار تۆۋەندىكىدەك ئىككى تۈرلۈك شەكىلدە تۈرلىنىپ كېلىدۇ:

1. ئىگىلىك قوشۇمچىسى ئۇلانمىغان ئىسىملارنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىشى.

2. ئىگىلىك قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ كەلگەن ئىسىملارنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىشى.

**ئىگىلىك قوشۇمچىسى ئۇلانمىغان ئىسىملارنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىش ئۈلگىسى**

| كېلىشلەرنىڭ ئىسىملىرى | سوئاللار | ئىسىملارنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىشى | كېلىش قوشۇمچىلىرى |
|---|---|---|---|
| باش كېلىش | كىم؟ نېمە؟ | بالا، ئات، يۈرەك، كۆز | — |
| ئىگىلىك كېلىش | كىمنىڭ؟ نېمىنىڭ؟ | بالىنىڭ، ئاتنىڭ، يۈرەكنىڭ، كۆزنىڭ | -نىڭ |
| چۈشۈم كېلىش | كىمنى؟ نېمىنى؟ | بالىنى، ئاتنى، يۈرەكنى، كۆزنى | -نى |
| يۆنىلىش كېلىش | كىمگە؟ نېمىگە؟ | بالىغا، ئاتقا، يۈرەككە، كۆزگە | -غا، -قا، -گە، -كە |
| چىقىش كېلىش | كىمدىن؟ نېمىدىن؟ | بالىدىن، ئاتتىن، يۈرەكتىن، كۆزدىن | -دىن، -تىن |
| ئورۇن كېلىش | كىمدە؟ نېمىدە؟ | بالىدا، ئاتتا، يۈرەكتە، كۆزدە | -دا، -تا، -تە، -دە |

www.uyghurkitap.com

## ئىگىلىك قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ كەلگەن ئىسىملارنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىش ئۈلگىسى

| كېلىشلەرنىڭ ئىسىملىرى | ئىگىلىك قوشۇمچىسى ئۇلانغان ئىسىملارنىڭ تۈرلىنىشى: 1 ـ شەخس | 2 ـ شەخس | 3 ـ شەخس | كېلىش قوشۇمچىلىرى |
|---|---|---|---|---|
| باش كېلىش | مەكتىپىم<br>كىتابىم | مەكتىپىڭ<br>كىتابىڭ | مەكتىپى<br>كىتابى | — |
| ئىگىلىك كېلىش | مەكتىپىمنىڭ<br>كىتابىمنىڭ | مەكتىپىڭنىڭ<br>كىتابىڭنىڭ | مەكتىپىنىڭ<br>كىتابىنىڭ | -نىڭ |
| چۈشۈم كېلىش | مەكتىپىمنى<br>كىتابىمنى | مەكتىپىڭنى<br>كىتابىڭنى | مەكتىپىنى<br>كىتابىنى | -نى |
| يۆنىلىش كېلىش | مەكتىپىمگە<br>كىتابىمغا | مەكتىپىڭگە<br>كىتابىڭغا | مەكتىپىگە<br>كىتابىغا | -گە، -غا |
| چىقىش كېلىش | مەكتىپىمدىن<br>كىتابىمدىن | مەكتىپىڭدىن<br>كىتابىڭدىن | مەكتىپىدىن<br>كىتابىدىن | -دىن |
| ئورۇن كېلىش | مەكتىپىمدە<br>كىتابىمدا | مەكتىپىڭدە<br>كىتابىڭدا | مەكتىپىدە<br>كىتابىدا | -دە، -دا |

ئىگىلىك كېلىش ۋە چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن ئىسىملاردا بەزىدە شۇ كېلىش قوشۇمچىلىرى چۈشۈپ قالىدۇ.

مەسىلەن:

مەكتەپ قىرائەتخانىسى ئېچىلدى.

(مەكتەپنىڭ قىرائەتخانىسى ئېچىلدى.)

بىز خەت يازدۇق.

(بىز خەتنى يازدۇق).

ئۇلار مەيدان تازىلىدى.

(ئۇلار مەيداننى تازىلىدى).

باھار مەنزىرىسى بەكمۇ چىرايلىق.

(باھارنىڭ مەنزىرىسى بەكمۇ چىرايلىق).

مۇنداق كېلىش قوشۇمچىلىرى چۈشۈپ قېلىپ ئېيتىلغان ئىسىملارنى باش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار دەپ قارىماستىن، كېلىش قوشۇمچىلىرى چۈشۈپ قالغان ئىگىلىك كېلىش ياكى چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار دەپ قاراش كېرەك.

70 - كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇغۇچىلار ھەمدە «مەكتەپ» دېگەن سۆزگە قانداق قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىپ كەلگەنلىكىنى ۋە ئۇلارغا قانداق سوئال بېرىلىدىغانلىقىنى

ئېيتىپ بېرىڭلار :

1 . يېزىمىزدا يېڭى مەكتەپ سېلىندى . 2 . مەكتەپ-نىڭ بېغىغا مېۋىلىك كۆچەت تىكتۇق . 3 . ناھىيىدىن كەل-گەنلەر بىزنىڭ مەكتەپنى كۆردى . 4 . ئوسمان مەكتەپكە كەتتى . 5 . مەن مەكتەپتىن ھازىرلا كەلدىم . 6 . ئۇكام باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتىدۇ .

71 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ ياز-غاچ ، بوش ئورۇنلارغا ئالدىدىكى ئىسىملارغا ئۇلىنىشقا تې-گىشلىك بولغان قوشۇمچىلارنى تولدۇرۇڭلار :

1 . ئەركىن ( ) ئاكىسى زاۋۇت ( ) ئىشلەيدۇ . 2 . ئاسىيە بۇ خەت ( ) ئۇرۇمچىدىكى ئاكىسى ( ) يازدى . 3 . بىز مەكتەپ ( ) تەنتەربىيە مەيدانى ( ) پۇتبول مۇسابىقىسى ( ) كۆردۇق . 4 . دادام ئېتىز ( ) قايتىپ كەلدى . 5 . بۇ سوئال ( ) جاۋابى ماۋۇ كىتاب ( ) بار . 6 . ئۇكام مەكتەپ ( ) قايتىپ كېلىپ ، ئۆي ( ) تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتىدۇ . 7 . بىز تاپشۇرۇقلىرىمىز ( ) ئىشلەپ بولۇپ ئۆي ( ) قايتتۇق .

72 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار :

| سۆزلەر | قوشۇمچىلار | كېلىش نامى | بېرىلىدىغان سوئاللار |
|---|---|---|---|
| تاغ | — | باش كېلىش | نېمە ؟ |
| تاغنىڭ | | | |
| تاغنى | | | |
| تاغقا | | | |
| تاغدىن | | | |
| تاغدا | | | |
| باش | | | |
| باشنى | | | |
| باشنىڭ | | | |
| باشتا | | | |
| باشقا | | | |
| باشتىن | | | |
| ئالىم | | | |
| ئالىمغا | | | |
| ئالىمنى | | | |
| ئالىمنىڭ | | | |
| ئالىمدىن | | | |
| ئالىمدا | | | |

73 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ چىقىڭلار ھەمدە «كۆل» دېگەن سۆزنىڭ قانداق كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار :

باغدا چوڭ بىر كۆل بار . كۆلنىڭ سۇيى سۈزۈك ھەم پاكىز . كۆلگە قارىساڭ ئۇنىڭ تېگى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ . ياز كۈنى كۆلنىڭ بويىغا كىگىز سېلىپ ، سالقىنلاپ ئولتۇرد- ىمىز . كۆلدە ئۇششاق بېلىقلارمۇ بار . بىز كۆلدىن سۇ ئېلىپ ئىچىمىز ھەم قارماق سېلىپ بېلىقلارنى تۇتىمىز . كۆلنىڭ ئۆپچۆرىسىگە گۈل تېرىدۇق ، سۇپا ياسىدۇق . بۇ گۈللەر كۆلنى تېخىمۇ چىرايلىق قىلىپ تۇرىدۇ .

**74 - كۆنۈكمە.** تۆۋەندىكى ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كەلگەن ئىسىملارنى كېلىشلەر بىلەن تۈرلەڭلار :

ئاكام ، خېتىم ، ساۋاقداشلىرىم

ئاكاڭ ، خېتىڭ ، ساۋاقداشلىرىڭ

ئاكىسى ، خېتى ، ساۋاقداشلىرى

**75 - كۆنۈكمە.** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يازغاچ ، ئىسىملارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار ۋە ئۇلارنىڭ قايسى كېلىشتە كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار :

بارات مەكتەپتىن كەلدى . ئۇ ئۆيگە كىرىش بىلەن كىتاب - دەپتەرلىرىنى ئۈستەلگە قويدى . كىيىملىرىنى يېشىپ ، كىيىم ئىلغۇچقا ئېلىپ قويدى ، ئاندىن ئولتۇرۇپ تاماقنى يېدى . تاماقتىن كېيىن ئاپىسىغا ياردەملىشىپ سۇ ئەكىردى ، ئوتۇن ياردى . ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن ساۋاقداشلىرىنى چاقىرىپ بىرلىكتە دەرس تەييارلىدى .

## ئىسىم تولۇقلۇق ئۆتكەنلەرنى تەكرارلاش

76 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ ياز-غاچ ، تىرناق ئىچىدىكى «كىم ؟ نېمە ؟» دېگەن سوئاللارنىڭ ئورنىغا ئۇلارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدىغان ئىسىملارنى تېپىپ قويۇڭلار :

1 . بىز (نېمە ؟ ) تىكتۇق . 2 . ئۇلار (نېمە ؟ ) توشۇ-دى . 3 . (كىم ؟ ) كىتاب ئوقۇۋاتىدۇ . 4 . (كىم ؟ ) كۆ-چەتلەرگە سۇ قۇيدى . 5 . يېڭى (نېمە ؟ ) سېلىندى . 6 . (نېمە ؟ ) غاچچىدە ئېچىلدى . 7 . (كىم ؟ ) سىنىپقا كىردى . 8 . (نېمە ؟ ) باشلاندى .

77 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇڭلار ھەمدە تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى بىلدۈرىدىغان سۆز-لەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار :

### گۈلدۈرماما

ھاۋا تۇتۇلۇپ ، كۈن قاراڭغۇلاشتى . ئەتراپنى جىم-جىتلىق قاپلىدى . قاتتىق شامال چىقتى . دەل ـ دەرەخلەر-نىڭ شاخلىرى سۇنۇشقا باشلىدى . شامال تېخمۇ كۈچەيدى . چاقماق چېقىلدى . ھاۋا دەھشەتلىك گۈلدۈرلىدى . يامغۇر

چىلەكلەپ قۇيۇۋەتتى . سۇلار ئېرىق - ئېرىق بولۇپ ئاقتى . يامغۇر توختىدى . كۈن پارقىراپ چىقتى .

78 - كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى ئىسىملارنى كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا «-لار ، -لەر» قوشۇمچىلىرىنى قويۇپ كۆچۈرۈڭلار . قانداق سۆزلەرگە «-لار» ، قانداق سۆزلەرگە «-لەر» قوشۇمچىسى ئۇلانغانلىقىغا دىققەت قىلىڭلار :

قەلەم ... ئۇستەل ... تراكتور ...
گۈل ... ئۆي ... كىتاب ...
ئۈزۈم ... بۇلبۇل ... قەھرىمان ...
ئويۇن ... يۇلتۇز ... چىنە ...
شەھەر ... دەپتەر ... بالا ...
پارتا ... يول ... دېرىزە ...
سومكا ... قۇشقاچ ... ئىمارەت ...

79 - كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئوقۇپ ، ئۇلارغا قانداق قوشۇمچىلار ئۇلانغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار :

| | |
|---|---|
| ئوقۇشۇم | سىنىپلىرىمىز |
| كىتابىم | قەلىمىڭ |
| مەكتىپىمىزنى | ئۇستىلىڭلارغا |
| دەپتىرىم | ئۆيلىرىمىزگە |
| هارۋاڭ | ئەمگىكىڭلار |
| ئۇستازىمىز | چاپىنى |

80 - كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى ئىسىملارغا بېرىلگەن ئىگىلىك قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاپ كۆچۈرۈڭلار ھەمدە «ئا ، ئە»

تاۋۇشلىرىنىڭ «ئې ، ئى» تاۋۇشلىرىغا نۆۋەتلىشىدىغان-لىقىغا دىققەت قىلىڭلار :

ئاش (-ىم) =

قاق (-ى) =

ئاق (-ى) =

بولاق (-ى) =

مەش (-ى) =

سومكا (-سى) =

ئانا (-سى) =

شەھەر (-ى) =

مەن (-ىڭ) =

ئەل (-ىم) =

چاپان (-ى) =

باش (-ى) =

دەپتەر (-ى) =

81 - كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى سۆزلەرگە چىقىش كېلىش ، يۆنىلىش كېلىش ، ئورۇن كېلىش قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاپ يېزىڭلار :

| | |
|---|---|
| ئىقتىساد | غەرب |
| مۇراد | ئىنقىلاب |
| ھېساب | تەنقىد |
| كىتاب | ئەۋلاد |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 16 . باش كېلىش

82 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار . ئاستى سىزىلغان ئىسىملارغا سوئال بېرىڭلار ۋە ئۇلارنىڭ جۈملىدە قانداق بۆلەك بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار :

1 . گۈلشەن سىنىپىمىز بويىچە ئۆگىنىشتە ئەلاچى . 2 . بۈگۈن قار ياغدى . 3 . ئاۋۇ — بىزنىڭ مەكتەپ . 4 . باغدا گۈللەر ئېچىلىپ كەتتى . 5 . بۇ — شاۋكەتنىڭ دەپتىرى . 6 . باللار باغدا ئويناۋاتىدۇ . 7 . قاسىمنىڭ دادىسى بىزگە ھېكايە ئېيتىپ بەردى .

ئادەم ياكى نەرسىلەرنى بىلدۈرۈپ ، «كىم؟ كىملەر؟ نېمە؟ نېمىلەر؟ كىمى؟ نېمىسى؟» دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدىغان ئىسىملار باش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار دېيىلىدۇ .

1 . سۆزنىڭ تومۇرى باش كېلىشتە بولىدۇ . مەسىلەن :

گۈل ، قەلەم ، ناسىر ، غۇنچەم ، يەر ، سۇ

2 . ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك قوشۇمچىسى ۋە كۆپلۈك قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ كەلگەن شەكلىمۇ باش كېلىشتە بولىدۇ .

مەسىلەن :

مەكتىپى ، ئۆيىمىز ، يېزام ، مەكتەپلەر ، ئۆيلەر ، يې-

ـزىلار ، دەپتىرىم ، دەپتەرلىرىم

باش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار جۈملىدە كۆپىنچە باش بۆلەك بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن :

بىزنىڭ مەكتەپ چىرايلىق (مەكتەپ — ئىگە).

باغدىكى مېۋىلەر چېچەكلىدى (مېۋىلەر — ئىگە).

مېنىڭ ئاپام — ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى (ئاپام — ئىگە. ئوقۇتقۇچىسى — خەۋەر).

بۇ — ئەركىننىڭ چاپىنى (چاپىنى — خەۋەر).

83 ـ كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇپ، باش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملارنى ئېيتىپ بېرىڭلار :

### يىراقتىكى باللار

— دادا ، ئاۋۇ يۇلتۇزدا
بارمۇ بىزدەك باللار ؟
بىزگە ئوخشاش ئۇلارمۇ
بېشىغا بۆك كىيەمدۇ ؟
ئېرىق سۈيى ئىچەمدۇ ؟

ئۇ يەردىمۇ باللار
«دۇم ـ دۇم» ، «لەۋەي» ئوينىشىپ ،
تايچاقلاردەك سەكرىشىپ ،
توپ بولۇشۇپ ئورماندا
ياۋا توشقان قوغلامدۇ ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇ يەردىكى باللار
نەي چېلىشنى بىلەمدۇ ؟
ئات مىنىشنى بىلەمدۇ ؟
بىزدەك ئېتىز ئىشىغا
ياردەملىشىپ بېرەمدۇ ؟
سەھراسىدا ئاسماننىڭ
بارمۇ ئېدىر ، سازلىقى ؟
قۇمۇشلۇقى ، دۆڭلۈكى ؟
ئۈستىگىدە قارماقتىن
قېچىپ يۈرگەن بېلىقى ؟

ئۇ يەردىمۇ بېلىقلار
قۇشلار ئۇچسا يىراققا
ھەۋەستە كۆز تىكەمدۇ ؟
بىز تەرەپكە كېلىشكە
«قولۇم قانات بوپ قالسا»
دەپ خىيالغا چۆكەمدۇ ؟

84 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ ، باش كېلىشتە كەلگەن سۆزلەرنى كۆچۈرۈڭلار ھەمدە ئۇلارغا قانداق سوئاللارنىڭ بېرىلىدىغانلىقىنى ، جۈملىدە قانداق بۆلەك بولۇپ كەلگەنلىكىنى يېزىڭلار :

1 . ئوقۇغۇچىلار پەننىي بىلىملەرنى تىرىشىپ ئۆگەنمەكتە . 2 . دىلبەر سىنىپىمىزغا ۋاكالىتەن چوڭ يىغىندا سۆزلىدى . 3 . ئەخمەت — سىنىپىمىزنىڭ ئۇچتە ياخشى

ئوقۇغۇچىسى . 4 . سېنىڭ پىكرىڭ توغرا . 5 . تىرىشىپ ئۆگىنىش — بىزنىڭ ۋەزىپىمىز . 6 . قار لەپىلدەپ يېغىشقا باشلىدى . 7 . بىزنىڭ يېزىنىڭ زىرائەتلىرى بەكمۇ ئوخشىدى . 8 . ئاۋۇ كۆرۈنگەن — بىزنىڭ مەكتەپ . 9 . هاۋا ئىسسىدى ، يەرلەر كۆكىرىشكە باشلىدى . 10 . ئۇلار 20-باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى . 11 . بالىلار قاردىن ئادەم ياساپ ئوينىدى .

85 - كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى رەسىملەردە كۆرسىتىلگەنلەرنىڭ ئىسىملىرىنى باش كېلىشتە كەلتۈرۈپ جۈملە تۈزۈڭلار :



ئۈلگە :

دېھقانلار تراكتور بىلەن يەر هەيدەۋاتىدۇ .

86 ـ كۆنۈكمە . كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا باش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملارنى يېزىڭلار :

1 . بىزنىڭ سىنىپتا 45 ...... بار . 2 . مېنىڭ سومكامدا ...... بار . 3 . ...... بىزنىڭ سىنىپتا ئوقۇيدۇ . 4 . بۇ — سېنىڭ ...... . 5 . ...... بازاردىن دەپتەر سېتىۋالدى . 6 . مەكتىپىمىزنىڭ بېغىدا ...... لەر بار . 7 . ...... بىلىم بېغىنىڭ ئىشچان باغۋىنى . 8 . ...... بىلەن ...... ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالدى . 9 . كىتاب — بىزنىڭ ...... . 10 . ئايشەمنىڭ ...... بار .

87 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى ئىسىملارنى باش كېلىشتە كەلتۈرۈپ جۈملە تۈزۈڭلار :

گۈللەر ، دەرسخانا ، باللار ، سىڭىل ، كەپتەر

# 17. ئىگىلىك كېلىش

1. ۋەتىنىمىزنىڭ تاغ - دەريالىرى ئىنتايىن گۈزەل.
2. مەريەمنىڭ ئۆگىنىشى ياخشى.
3. پەرھاتنىڭ دەپتەرلىرى رەتلىك ھەم پاكىز.
4. تۇرپاننىڭ ئۈزۈمى دۇنياغا داڭلىق.

يۇقىرىدىكى ئاستى سىزىلغان ئىسىملارغا قانداق قوشۇمچىلار ئۇلىنىپ كەلگەن؟ ئۇلارغا قانداق سوئاللارنى بېرىشكە بولىدۇ؟

ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ كىمگە، نېمىگە قاراشلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، «كىمنىڭ؟ نېمىنىڭ؟» دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدىغان كېلىشنى ئىگىلىك كېلىش دەيمىز.

ئىگىلىك كېلىشنىڭ قوشۇمچىسى «-نىڭ»

ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار جۈملىنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرى بولىدۇ.

ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار جۈملىدە ھەر دائىم ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كەلگەن ئىسىملار بىلەن باغلىنىپ، شۇ ئىسىملار بىلەن بىللە كېلىدۇ.

مەسىلەن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ كۆلنىڭ سۈيى سۈزۈك .

باغنىڭ مېۋىلىرى پىشتى .

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىتتىپاقى ياخشىلاندى .

ئابلىزنىڭ خېتى چىرايلىق .

خاسىيەتلەرنىڭ ئۆيى مەكتەپكە يېقىن .

ۋەتىنىمىزنىڭ بايلىقى كۆپ .

ئەسئەتنىڭ دادىسى مەكتەپكە كەلدى .

بەزىدە ئىسىملارغا ئۇلىنىپ كېلىدىغان ئىگىلىك كې-لىش قوشۇمچىسى «نىڭ» چۈشۈپ قالىدۇ . ئۇنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىنى شۇ ئىسىملار باغلىنىپ كەلگەن سۆزلەرگە ئۇلىنىپ كەلگەن ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق بىلىش-كە بولىدۇ .

مەسىلەن :

باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى

(باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى )

مەملىكىتىمىز خەلقى

(مەملىكىتىمىزنىڭ خەلقى )

غۇلجا ئالمىسى

(غۇلجىنىڭ ئالمىسى )

قوي يۇڭى

(قوينىڭ يۇڭى )

دەرس مەزمۇنى

(دەرسنىڭ مەزمۇنى )

ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى «نىڭ» چۈشۈپ قالغان ئىسىملار كۆرۈنۈشتە باش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملاردەك كۆرۈنىدۇ، ئەمما ئۇلار باش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار ھېسابلانمايدۇ، بەلكى ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسىز ئېيتىلغان ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار ھېسابلىنىدۇ.

88 ـ كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان سوئاللارنى ئوقۇپ، شۇ سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدىغان ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەن ئىسىملارنى تېپىپ، ئاخىرىدىكى ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كەلگەن سۆزلەر بىلەن قوشۇپ ئېيتىڭلار:

(كىمنىڭ؟) سۆزى

(كىملەرنىڭ؟) جاۋابى

(نېمىنىڭ؟) ئاۋازى

(نېمىلەرنىڭ؟) چېچەكى

(نېمىنىڭ؟) تېزلىكى

(كىمنىڭ؟) ئەمگىكى

(نېمىنىڭ؟) چاقى

(كىمنىڭ؟) كىتابى

(نېمىنىڭ؟) تەمى

(كىملەرنىڭ؟) دوستى

89 ـ كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەن ئىسىملارنى تېپىڭلار:

1. ئەتىرگۈلنىڭ پۇرىقى ياخشى. 2. بۇ يىل ئېتىزنىڭ ئىشى تېخىمۇ قىزىپ كەتتى. 3. ئايشەمنىڭ ناھايىتى

قىزىق كىتابلىرى بار . 4 . ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىرىشچانلىقى ئۈستۈن . 5 . بىز تىرىشىپ ئۆگىنىپ ، ۋەتەننىڭ ، خەلق-نىڭ ئۈمىدىنى ئاقلايمىز . 6 . بۇ قېتىمقى ئىمتىهان نەتى-جىسى ياخشى بولدى . 7 . گۈلشەن — سىنىپىمىزنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى . 8 . مەن ساۋاقداشلىرىمنىڭ ياردىمىگە رەھمەت ئېيتىمەن . 9 . گۈللەرنىڭ خۇشخۇي پۇراقلىرى ئەتراپقا تارقالدى . 10 . يىغىن تەييارلىقى ئىشلىنىپ بول-دى .

**90** ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆپ چېكىت-لەرنىڭ ئورنىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان كېلىش قوشۇمچىلىرى-نى قويۇپ كۆچۈرۈپ يېزىڭلار :

1 . ۋەزىپىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىغان ئىشچىلار ··· ئەمگەكلىرى باھالىنىپ ، ئۇلار مۇكاپاتلاندى . 2 . مەھەللە بېشىدىكى بۇلاق ··· سۈيى بەكمۇ سۈزۈك . 3 . ئورۇمچى··· مەنزىرىسى گۈزەل . 4 . مەكتىپىمىز ··· تەنتەربىيە پائالى-يەتلىرى راۋاجلانماقتا . 5 . ئۆستەڭ ··· سۈيى ئۇلغىيىپ قاپتۇ . 6 . بىز دەرسخانا ··· ئىنتىزامىنى ياخشىلايمىز . 7 . مۇئەللىم ··· سۆزىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاش لازىم . 8 . سىنىپىمىز ··· ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچىلىرى بۈگۈن مۇكاپاتلاندى . 9 . ئازادەم ··· ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا كەتكەن ئاكىسى قايتىپ كەلدى . 10 . ئەكبەر ··· يەنە پىكرى بارمى-كەن ؟

**91** ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى ماقالىلارنى ئوقۇپ ، ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەن ئىسىملارنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار ۋە ئۇلارغا

سوئاللارنى بېرىڭلار :

1 . يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام . 2 . ئادەم بالى-سىنىڭ باھاسى ئىلىم بىلەن . 3 . ئادەمنىڭ تېشىغا قارىماي ئىچىگە قارا . 4 . بىلىم — ئەقىلنىڭ چىرىغى . 5 . ھۈنىرى يوق كىشىنىڭ ، مەنىسى يوق ئىشىنىڭ . 6 . ئەمگەكنىڭ نېنى تاتلىق ، ھۈرۈننىڭ جېنى تاتلىق . 7 . ئادەمنىڭ ئالى-سى ئىچىدە ، ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا . 8 . ئاتاڭنىڭ بالىسى بولغۇچە ، ئەلنىڭ بالىسى بول . 9 . كېرەكلىك تاشنىڭ ئېغىرلىقى يوق . 10 . مېھنەتنىڭ تېگى راھەت .

**92 - كۆنۈكمە** . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ ياز-غاچ ، ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەن ئىسىملارغا باغلىنىپ كەل-گەن سۆزلەرنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار :

1 . ئاسىيەنىڭ ئۆگىنىشى ياخشى . 2 . سەھەرنىڭ ھا-ۋاسى بەكمۇ ساپ . 3 . مەن مۇئەللىمنىڭ سۆزى بويىچە ئىش قىلىمەن . 4 . بۇ — مېنىڭ ئۇكامنىڭ ئويۇنچۇقى . 5 . تاغنىڭ مەنزىرىسى چىرايلىق . 6 . قاسىمنىڭ چوڭ ئاكىسى ئوقۇشقا كەتتى . 7 . بۇ قوغۇنلارنىڭ تەمى ئەجەبمۇ تاتلىق ئىكەن . 8 . دەپتىرىمنىڭ ۋارىقى يىرتىلىپ كەتمە-سۇن . 9 . رەيھانگۈلنىڭ يازغان خېتى ھەممىدىن چىراي-لىق . 10 . چاپىنىڭنىڭ يېڭى پاسكىنا بولۇپ قاپتۇ .

**93 - كۆنۈكمە** . تۆۋەندىكى ئىسىملارغا ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاپ جۈملە تۈزۈڭلار :

دىلبەر ، مەيدان ، دەرسخانا ، سۇ ، باغ ، ماشىنا ، ئى-سىم ، سومكا ، تاماق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 18 . چۇشۇم كېلىش

تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ ، ئاستى سىزىلغان ئىد-سىملارغا دىققەت قىلىڭلار . ئۇ ئىسىملارغا قانداق قوشۇمچە ئۇلىنىپ كەلگەن ھەمدە ئۇلارغا قانداق سوئاللار بېرىلىدۇ ؟ ئۇ ئىسىملارنىڭ قايسى سۆزلەرگە باغلىنىپ ئېيتىلىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىڭلار .

1 . مەن بازاردا ئادالەتنى كۆردۈم .

2 . بىز مۇئەللىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلايمىز .

3 . بىز مەكتەپ ئالدىغا قاتار - قاتار كۆچەتلەرنى تىكتۇق .

4 . سەلىمە قىزىلگۈلنى ياخشى كۆرىدۇ .

5 . ئۇلار تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەپ بولدى .

يۇقىرىدىكى ئاستى سىزىلغان ئىسىملارغا «-نى» قو-شۇمچىسى ئۇلىنىپ كەلگەن . «-نى» قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ كەلگەن ئىسىملار چۇشۇم كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار بو-لىدۇ .

كېلىش قوشۇمچىسى «نى» ئۇلىنىپ كەلگەن ئى-سىملار چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار دەپ ئاتىلىدۇ. چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار ئىش - ھەرىكەتنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر بىلەن باغلىنىپ ئېيتىلىدۇ. چۈشۈم كېلىشتىكى ئىسىملار «كىمنى؟ نېمىنى؟ كىملەرنى؟ نېمىلەرنى؟» دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ.

چۈشۈم كېلىشنىڭ قوشۇمچىسى — «-نى».

چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار جۈملىدە ئەگەشمە بۆلەك بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن:

مەن ئەيسانى (كىمنى؟) مەكتەپتە كۆردۈم.

بىز ۋەزىپىنى (نېمىنى؟) تولۇق ئورۇندىدۇق.

مەن ئوقۇغۇچىلارنى (كىملەرنى؟) باشلاپ زاۋۇتقا باردىم.

بىز باغقا گۈللەرنى (نېمىلەرنى؟) تېرىدۇق.

بەزى ۋاقىتلاردا چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن ئىسىملاردىكى چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى «نى» چۈشۈپ قالىدۇ. بۇنداق ۋاقىتلاردا چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار «نېمە؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن:

ئەكبەر كىتاب (نېمە؟) ئوقۇۋاتىدۇ.

ئەكبەر كىتابنى ئوقۇۋاتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەن ئاكامغا خەت (نېمە؟) يازدىم.
مەن ئاكامغا خەتنى يازدىم.
بىز كەچتە دەرس (نېمە؟) تەكرارلايمىز.
بىز كەچتە دەرسنى تەكرارلايمىز.

**چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى چۈشۈپ قېلىپ ئېيتىلغان ئىسىملارنى باش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار دەپ قاراشقا بولمايدۇ، بەلكى كېلىش قوشۇمچىسىز ئېيتىلغان چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار دەپ قاراش لازىم.**

مەسىلەن:

مەن تاپشۇرۇقلىرىمنى ئىشلەپ بولۇپ، ئاندىن تاماق يەيمەن.

مەن سىلەرگە بىر ھېكايە سۆزلەپ بېرەي.

بۇ جۈملىلەردىكى «تاپشۇرۇقلىرىمنى، تاماق، ھېكايە» دېگەن ئىسىملارنىڭ ھەممىسى چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن ئىسىملاردۇر.

**94** - كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى شېئىرلارنى كۆچۈرۈپ يازغاچ، چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن ئىسىملارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار ۋە ئۇلارغا تېگىشلىك سوئاللارنى بېرىڭلار:

ئۇ يەردىكى باللار
نەي چېلىشنى بىلەمدۇ؟
ئات مىنىشنى بىلەمدۇ؟

* *

هەيران قىلار كىشىنى
ئۇ قىلغان قىلىق .
ئاكىسىغا ئەگىشىپ
ئوقۇر كىتابنى ،
ھەدىسىگە ئىشلىشىپ
بېرەر ئىشىنى .

**95** ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى بوش ئورۇنلىرىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان كېلىش قوشۇمچىلىرىنى قويۇپ كۆچۈرۈڭلار :

1 . مەن ئەدەبىيات دەرسى تاپشۇرۇق ئىشلەپ بولدۇم . 2 . بىز سىنىپىمىزدا بەش ئوقۇغۇچى ئوچتە ياخشى ئوقۇغۇچى قىلىپ سايلىدۇق . 3 . بىز بەشىنچى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى سەنئەت نومۇرلىرى كۆردۇق . 4 . مەن ساڭا ياردىمىم ئايىمايمەن . 5 . قاسىم قويلار باققىلى كەتتى . 6 . ئابدۇللا مېنىڭدىن سەمەت كىتابى ئېلىپ كەتتى . 7 . بىز ئۇلارنىڭ ئىمتىھان نەتىجىلىرى كۆردۇق . 8 . مەن ئۇكام ياغلىقى يۇيۇپ بەردىم .

**96** ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار . چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى ئۇلانغان ئىسىملارنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق ، ئۆزى چۈشۈم كېلىشتە كېلىپ قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالغان ئىسىملارنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار :

1 . مەكتەپ ئىچىگە كۆچەت تىكىپ ، مەكتەپنى يېشىل-

www.uyghurkitap.com

لىققا پۈركەيمىز . 2 . بىز بۇ يەرنى ياخشى ئاغدۇرۇپ ، گۈل تېرىيمىز . 3 . دېھقانلار ئوغۇت يىغدى . 4 . ئوقۇغۇچىلار يېڭى يىلنى خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزدى . 5 . قىرائەتخانا ئۈچۈن ھەر خىل كىتابلار سېتىۋالدۇق . 6 . سەلىمە گېزىت ئوقۇۋاتىدۇ . 7 . بىز ئىلىم - پەننى سۆيىمىز . 8 . ئابلەي بۇزۇلغان ئورۇندۇقلارنى رېمونت قىلدى . 9 . بىز تاپشۇرۇق ئىشلەپ بولۇپ توپ ئوينىدۇق . 10 . ئۆزىمىز قىلالايدىغان ئىشلارنى ئۆزىمىز قىلىشىمىز كېرەك .

**97 - كۆنۈكمە** . تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارغا چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن ئىسىملارنى قويۇڭلار :

1 . مەن تونۇيمەن . 2 . ئەركىن ، ماڭا بېرىپ تۇرغىنا . 3 . مەن سېنىڭ تاپشۇرۇۋالدىم . 4 . ئادىلە ، سەن بۇ مەلىكەگە بېرىپ قوي . 5 . تۆۋەندىكى بوش تولدۇرۇڭلار . 6 . سەن بۇ ئوقۇغانمۇ ؟ 7 . ئۆزۈڭنىڭ ئۆزۈڭ يۇيساڭ بولمامدۇ ؟ 8 . مېنىڭ كۆردۈڭلارمۇ ؟

**98 - كۆنۈكمە** . تۆۋەندىكى سۆزلەرنى چۈشۈم كېلىشتە كەلتۈرۈپ بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار :

دەرس ، قەلەم ، گۈللەر ، يەر ، پارتا ، سومكا ، تېپىشماق ، ئىسىملار

**99 - كۆنۈكمە** . تۆۋەندىكى رەسىملەرگە قاراپ جۈملە تۈزۈڭلار . تۈزگەن جۈملەڭلەردە چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار بولسۇن ھەم چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن ئىسىملارنىڭ ئاستىغا سىزىپ كۆرسىتىڭلار :











ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 19 . يوئىلىش كېلىش

100 - كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى رەسىملەرنىڭ ئاستىدىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار . ئاستىغا سىزىلغان ئىسىملارغا قانداق قوشۇمچىلار ئۇلىنىپ كەلگەن ھەمدە ئۇلارغا قانداق سوئاللار بېرىلىدۇ ؟ ئېيتىپ بېرىڭلار :



سالامەت گۈللەرگە سۇ سېپىۋاتىدۇ .

ماھىرە توخۇلارغا دان بېرىۋاتىدۇ .

بىلىق قارماققا ئىلىندى .

گۈلبوستان چېلەككە سۇ ئېلىۋاتىدۇ .

يۆنىلىش كېلىش ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىنىڭ يۆنىلىشىنى بىلدۈرىدۇ. يۆنىلىش كې‑لىشتە كەلگەن ئىسىملار جۈملىدە ئىش ـ ھەرىكەتنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر بىلەن باغلىنىپ ئېيتىلىدۇ.

مەسىلەن:

بىز يازدا تاغقا چىقىمىز (تاغقا چىقىمىز).

مەن مەكتەپكە ئەته بارىمەن (مەكتەپكە بارىمەن).

ساۋاقداشلار، دوسكىغا قاراڭلار (دوسكىغا قاراڭلار).

بۇ سوئاللارنى دەپتەرگە كۆچۈرۈۋېلىڭلار (دەپتەرگە كۆچۈرۈۋېلىڭلار).

يۆنىلىش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملارغا «كىمگە؟ نېمىگە؟ كىملەرگە؟ نېمىلەرگە؟ قەيەرگە؟ نەگە؟» دې‑گەن سوئاللار بېرىلىدۇ.

يۆنىلىش كېلىشنىڭ قوشۇمچىلىرى «‑غا، ‑قا، ‑گە، ‑كە، ‑قە».

يۆنىلىش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار جۈملىدە ئە‑گەشمە بۆلەك بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن:

بىزمۇ كەلگۈسىدە ئايغا (نەگە؟) چىقىمىز.

ياسىن ئاتقا (نېمىگە؟) مىندى.

رەنا، گۈللەرگە (نېمىلەرگە؟) سۇ قۇيۇۋەتكىن.

بۇ خەتنى ئاكامغا (كىمگە؟) يېزىۋاتىمەن.

مەكتەپ مۇدىرى مەكتەپتىكى بارلىق ئوقۇغۇچىلارغا (كىملەرگە) سۆزلىدى.

دادام ئىشقا (نەگە؟) كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئادىل ئۇرۇمچىگە (قەيەرگە؟) كەتتى.
بىز تەتىلدە قەشقەرگە (قەيەرگە؟) بارىمىز.
ھەممە ئىشتا خەلققە (كىمگە؟) تايىنىش لازىم.
يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىلىرى ئىسىملارغا تۆۋەندىكى قائىدىلەر بويىچە ئۇلىنىپ كېلىدۇ:

> **سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدا تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشى كېلىپ، جاراڭلىق تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشسا «-غا» قوشۇمچىسى، جاراڭسىز تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشسا «-قا» قوشۇمچىسى ئۇلىنىدۇ.**

مەسىلەن:
ھاۋا — ھاۋاغا
ئالما — ئالمىغا
يامغۇر — يامغۇرغا
ئويۇن — ئويۇنغا
زاۋۇت — زاۋۇتقا
ئاش — ئاشقا
ياتاق — ياتاققا

> **سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدا تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشى كېلىپ، جاراڭلىق تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشسا «-گە» قوشۇمچىسى، جاراڭسىز تاۋۇش بىلەن ئاياغ-لاشسا، «-كە، -قە» قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىدۇ.**

مەسىلەن:
ۋەتەن — ۋەتەنگە
دەپتەر — دەپتەرگە

ئۈزۈم — ئۈزۈمگە
گۈل — گۈلگە
سۆز — سۆزگە
مەكتەپ — مەكتەپكە
شەرق — شەرققە
ئۆتۈك — ئۆتۈككە
كۆڭلەك — كۆڭلەككە

**101** ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇپ ، يۆنىلىش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار :

ئېلىپ بارما داخانغا

مېھرىبانىم جان ئانا ،
ئاڭلا ، سۆزۈم بار ساڭا .
رەنجىمىگىن بىر ئىشىڭ
ياقمىدى ھېچ دىلىمغا .

ئاغرىپ قالسام بەزىدە
كۆرسىتىسەن داخانغا .
سەرپ قىلدىڭ نۇرغۇن پۇل
ئىشەنچ باغلاپ يالغانغا .

باردۇق مانا بۈگۈنمۇ
ماموت داخان ئۆيىگە .
ئولتۇرغۇزدى بىزنى ئۇ
كاڭ ئوچاقنىڭ لېۋىگە .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«ئوقۇدى» ئۇ گۇڭشۇلداپ ،
كۆزىنى يۇمۇپ ، يۇكۇنۇپ .
«سۇف – كۆچ !» دېدى ، «سۇف !» دېدى ،
يۈز – كۆزۈمگە تۇكۇرۇپ .

ئۆتمەستىنلا ئون مىنۇت
ئون سوم پۇلنى ئالدى ئۇ .
«رەھمەت !» بىلەن «ئامىن !» دەپ ،
چۆنتىكىگە سالدى ئۇ .

دېمەك ، ئانا داخانغا
ئوقۇتتۇق بىز كۆپ قېتىم .
ئەمما ، بىتاب كېسەلدىن
ئەسلا شىپا تاپمىدىم .

ئويلاپ كۆرسەم «سۇف – كۆچ»تىن
يەتمەيدىكەن بىزگە نەپ .
داخان شىلاپ يەيدىكەن ،
قىلىپ شۇنداق يالغان گەپ .

شۇڭا ئانا ، داخانغا
ئېلىپ بارما ، ئۆتۈنەي .
كېسەل بولسام ، دوختۇرغا
داۋالىناي ، كۆرۈنەي !

**102** – كۆنۈكمە . كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا مۇۋاپىق يۈنىلىش كېلىش قوشۇمچىلىرىنى قويۇپ ، تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار :

1 . ئۇلار ئەمگەك ··· قاتناشتى . 2 . ياقۇپ ئۆي ··· كەتتى . 3 . بىز زاۋۇت ··· باردۇق . 4 . خەلق ··· پايدىلىق ئىشلارنى قىلىمىز . 5 . مەن تەتىلدە غۇلجا ··· باردىم . 6 . بىز ئىنقىلابىي قۇربانلار ··· ئېھتىرام بىلدۇرىمىز . 7 . ئوقۇغۇچىلار قائىدىسى ··· رىئايە قىلايلى . 8 . ئاكام قەشقەر ··· بارماقچى . 9 . بىز گېزىت ··· يېزىلدۇق . 10 . مەن «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتى ··· مۇشتەرى بولدۇم . 11 . چارۋىچىلار يايلاق ··· كۆچتى .

**103** ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى چوڭ كاتەكچىلەر ئىچىدىكى ئىسىملارغا كىچىك كاتەكچىلەر ئىچىدىكى يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىلىرىنىڭ ماس كېلىدىغىنىنى ئۇلاپ كۆچۈرۈڭلار . قانداق ئىسىملارغا «ـغا ، ـقا» ، قانداق ئىسىملارغا «ـگە ، ـكە ، ـقە» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىڭلار :

| | | | |
|---|---|---|---|
| يېزا<br>يايلاق<br>ئۇتۇق<br>ئوتۇن<br>نان<br>بىنا<br>قول<br>باش<br>ئىسىملار<br>ئاھاڭ | ـغا<br>ـقا | ئادەم<br>يۈرەك<br>شەرق<br>ئىدارە<br>ئۆي<br>خەلق<br>قەشقەر<br>ئەمگەك<br>ئەخلەت<br>ئۈزۈم | ـگە<br>ـكە<br>ـقە |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

104 ـ كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار. يۆنىلىش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملارنى تېپىپ، ئۇلارنى قوشۇش (+) بەلگىسى ئارقىلىق قوشۇمچىلىرىدىن ئايرىپ يېزىڭلار ۋە ئۇلارغا سوئاللارنى بېرىڭلار:

1. بالىلار كىنوغا كەتتى. 2. دەپتەرگە قالايمىقان خەت يازماڭلار. 3. مەن سىنىپقا سىڭىلىمگە ئىشەندىم. 4. چاپاننى قوزۇققا ئىلىپ قويغىن. 5. ساۋاقداشلار، دەرسلىككە قاراڭلار. 6. بىز ۋەتەنگە، خەلققە ياراملىق ئەۋلادلاردىن بولىمىز. 7. مەن سىڭلىمغا رەسىملىك كىتاب ئېلىپ بەردىم. 8. مېنىڭ سەمەتكە دەيدىغان گېپىم بار. 9. ماشىنىغا ئېسىلماڭلار. 10. ۋاقىتقا رىئايە قىلىمىز.

105 ـ كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى ئىسىملارغا يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاڭلار ھەمدە ئۇلارنى ئىشلىتىپ جۈملە تۈزۈڭلار:

ئۆستەڭ، مەھەللە، كارىۋات، ئۇكام، دېھقانلار، سومكا، ئىلمەك، ياردەم، دەرس، ئوچاق، چېلەك

# 20 . چىقىش كېلىش

دىلدار ھەممە پەنلەردىن يۇقىرى نومۇر ئالدى .

ئۇ ، مەكتەپتىن بىر كۈنمۇ قالمايدۇ .

بۇ كىتابنى ئالىيەدىن ئالدىم .

دادام زاۋۇتتىن قايتىپ كەلدى .

يۇقىرىقى جۈملىلەردىكى ئاستىغا سىزىق سىزىلغان سۆزلەرنى كۆچۈرۈپ يازغاچ ، قوشۇش بەلگىسى (+) ئارقىلىق تومۇرى بىلەن قوشۇمچىلىرىنى ئايرىڭلار :

**«-دىن ، -تىن» قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كەلگەن ئىسىملار چىقىش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار دەپ ئاتىلىدۇ . چىقىش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار «كىمدىن؟ نېمىدىن؟ كىملەردىن؟ نېمىلەردىن؟ قەيەردىن؟ نەدىن؟» دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ .**

مەسىلەن :

مەن بۇ شېئىرنى گېزىتتىن (نېمىدىن ؟ ) كۆچۈرۈۋالدىم .

مەكتەپ مۇدىرى ئوقۇغۇچىلاردىن (كىملەردىن ؟ ) پىكىر ئالدى .

ئۇلار تاغدىن (نەدىن ؟ ) قايتىپ كەلدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەسەل ھەرىسى گۈل چېچەكلىرىدىن (نېمىلەردىن؟) ھەسەل يىغىدۇ.

ئۇكام مەكتەپتىن (قەيەردىن؟) قايتىپ كەلدى.

يۇقىرىقى جۈملىلەردىكى «گېزىتتىن، ئوقۇغۇچىلار-دىن، تاغدىن، گۈل چېچەكلىرىدىن، مەكتەپتىن» دېگەن ئىسىملار چىقىش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار دەپ ئاتىلىدۇ.

> چىقىش كېلىشنىڭ قوشۇمچىلىرى «-دىن، -تىن» بولۇپ، بۇ قوشۇمچىلار ئىسىملارغا تۆۋەندىكى قائىدە بويىچە ئۇلىنىپ كېلىدۇ.
> ئومۇمەن، سۆزلەرنىڭ ئاخىرى جاراڭلىق تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشسا، ئۇلارغا «-دىن» قوشۇمچىسى ئۇلىنىدۇ.

مەسىلەن:

يېزا — يېزىدىن

ئاشخانا — ئاشخانىدىن

ئانام — ئانامدىن

گۈللەر — گۈللەردىن

قازان — قازاندىن

ئۆي — ئۆيدىن

> ئومۇمەن، سۆزلەرنىڭ ئاخىرى جاراڭسىز تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشسا، ئۇلارغا «-تىن» قوشۇمچىسى ئۇلىنىدۇ.

مەسىلەن:

ئېرىق — ئېرىقتىن

كۆڭلەك — كۆڭلەكتىن
ئىش — ئىشتىن
ئەخلاق — ئەخلاقتىن
ئەمگەك — ئەمگەكتىن
ئەمەلىيەت — ئەمەلىيەتتىن

چىقىش كېلىشتىكى ئىسىملار جۈملىدە ئاساسەن ئىش - ھەرىكەتنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرگە باغلىنىپ كېلىدۇ .

مەسىلەن :

بازاردىن كەلدىم . سائادەتتىن ئاڭلىدىم . مۇئەللىمدىن سورا . ماگىزىندىن ئالدىم . قاسىمدىن سورىدى . ئۆيدىن چىقتى .

106 - كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇپ ، چىقىش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار :

### ئىككى ئاي

دېرىزىدىن ئاي نۇرى
چۈشتى ئانام يۈزىگە .
ئوخشايدىكەن ئانامۇ
نۇرلۇق ئاينىڭ ئۆزىگە .



شۇ چاغ دېدىم قەلبىمدىن
ئايغا قاراپ خۇش چىراي .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سالام بەرگىن ئانامغا
چۈشۈپ كۆكتىن تولۇن ئاي .

بىر بولۇڭلار ئىككى ئاي ،
نۇرغا تولسۇن كەڭ جاھان .
ئايدىن گۈزەل ئاي ئانام
گۈزەللىكتە ھەرقاچان .

**107** ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى سۆزلەرگە چىقىش كېلىش قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاپ يېزىڭلار . قانداق سۆزلەرگە «ـدىن» ، قانداق سۆزلەرگە «ـتىن» قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىڭلار :

شەھەر ، كىتاب ، باھار ، قەغەز ، كۆۋرۈك ، ئەپكەش ، ئادەم ، كۆچەت ، بايراق ، بالا ، ياغاچ ، ئەدەبىيات ، فىزىكا ، تارىخ ، رەسىم

**108** ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا چىقىش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملارنى قويۇپ كۆچۈرۈڭلار :

1 . بىز ...... كەلدۇق . 2 . سەن بۇ ئىشنى ...... سورا . 3 . مەن ...... سەكرەپ ئۆتتۈم . 4 . قەيسەر ...... چۈشتى . 5 . ئۇ ...... قايتىپ كەلدى . 6 . ئۇ ...... كېلىپ ، ئۆيدە تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتىدۇ . 7 . مەن ...... ئىككىنى سېتىۋالدىم . 8 . قەلەم ...... يەرگە چۈشۈپ كەتتى . 9 . ئۇنىڭ ...... ھەممە ئىش كېلىدۇ .

**109** ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى رەسىملەرگە قاراپ جۈملە تۈزۈڭلار ھەمدە چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى ئۇلانغان ئىسىملارغا سوئال بېرىڭلار :










ئۆلگە :

ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتىن قايتتى .

110 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى ئىسىملارغا چىقىش كېلىش قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى توغرىمۇ ؟ توغرا بولغانلىرىغا «✓» بەلگىسىنى قويۇڭلار . خاتا بولغانلىرىنى توغرىلاڭلار :

ئاشخانىدىن ، چەينەكتىن ، مەكتەپدىن ، ئىشدىن ، دەرسدىن ، يۈرەكدىن ، زاۋۇتدىن ، قەھرىمانلاردىن ، ئوقۇغۇچىتىن ، كۆنۈكمىدىن ، تارىخدىن ، ئەمگەكدىن ، قەلەمدىن ، قەغەزتىن ، ماشىنىدىن

111 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى ئىسىملارغا چىقىش كېلىش قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاڭلار ھەمدە ئۇلار ئۆز ئىچىگە ئالغان

www.uyghurkitap.com

جۈملىلەرنى تۈزۈڭلار :

باغ ، خامان ، ئىش ، دەريا ، يەر ، دەرۋازا ، ئورۇق ، ئىمتىھان ، دەرەخ ، سىنىپ ، ئۆرۈك

ئۈلگە :

ماخمۇت باغدىن كەلدى .

# 21 . ئورۇن كېلىش

112 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى رەسىملەرنىڭ ئاستىدىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار . ئاستىغا سىزىلغان سۆز-لەرگە قانداق قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلانغانلىقىنى ھەمدە ئۇلارغا قانداق سوئاللار بېرىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار :



كېپىنەك گۈلدە تۇرىدۇ.



كىتابلار ئىشكاپتا تىزىقلىق تۇرىدۇ.



بۇ گۈل تەشتەكتە ئېچىلغان.



كىيىم ئىلغۇچتا ئېسىقلىق تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

«-دا ، -دە ، -تا ، -تە» قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كەلگەن ئىسىملار ئورۇن كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار دەپ ئاتىلىدۇ . ئورۇن كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئورنىنى ۋە ئىش - ھەرىكەتنىڭ ۋاقتىنى بىلدۈرۈپ ، «كىمدە؟ نېمىدە ، قەيەردە؟ نەدە؟ قاچان؟» دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ .

ئورۇن كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار جۈملىدە ئەگەشمە بۆلەك بولۇپ كېلىدۇ .

مەسىلەن :

ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ بېغىدا (قەيەردە؟) ئەمگەك قىلدى .

ئاكام ئۈرۈمچىدە (قەيەردە؟) ئوقۇۋاتىدۇ .

مەن مەكتەپتە (نەدە؟) ئوقۇۋاتىمەن .

پەرھاتتا (كىمدە؟) نۇرغۇن كىتابلار بار .

چېلەكتە (نېمىدە؟) سۇ بار .

بىز يازدا (قاچان؟) تاغقا چىقىمىز .

ئورۇن كېلىشىنىڭ قوشۇمچىلىرى «-دا ، -دە ، -تا ، -تە» بولۇپ ، بۇ قوشۇمچىلار سۆزلەرگە تۆۋەندىكى قائىدىلەر بويىچە ئۇلىنىپ كېلىدۇ .

ئومۇمەن ، ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدا تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشلىرى كېلىپ ، جارائلىق تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشسا «-دا» ، جاراڭسىز تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشسا «-تا» قوشۇمچىسى ئۇلىنىدۇ .

مەسىلەن :

باھار — باھاردا

ئورۇن — ئورۇندا
بۇلاق — بۇلاقتا
ئاچقۇچ — ئاچقۇچتا
ياز — يازدا
قول — قولدا
ئاش — ئاشتا

**ئومۇمەن ، ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدا تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشى كېلىپ ، جاراڭلىق تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشسا «ـ دە» ، جاراڭسىز تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشسا «ـ تە» قوشۇمچىسى ئۇلىنىدۇ .**

مەسىلەن :

قەلەم — قەلەمدە
ئۇستەل — ئۇستەلدە
چىنە — چىنىدە
يۈرەك — يۈرەكتە
كۆچ — كۆچتە
دەرەخ — دەرەختە

**113 ـ كۆنۈكمە .** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇغۇچىلار ھەمدە سوئال بېرىپ ئورۇن كېلىشتە كەلگەن ئىسىملارنى تېپىشلار :

1 . ئىشچىلار زاۋۇتلاردا ، كانلاردا ئىشلەيدۇ . 2 . زەينەپ ئەخلاقتا ، ئوقۇشتا ھەم ئەمگەكتە ياخشى قىز . 3 . بىز مەھەللىدە ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلدۇق .

www.uyghurkitap.com

4 . بىزنىڭ مەكتەپتە 15 سىنىپ بار . 5 . ئوقۇغۇچىلاردا ئىلگىرىلەش ناھايىتى زور . 6 . باغدا كاككۇك سايرىدى . 7 . سىنىپتا ئوقۇغۇچىلار بار . 8 . يانچۇقۇڭدا قەلەم بارمۇ ؟ 9 . مەن ئائىلىدە ئاپامغا ياردەملىشىمەن . 10 . بالىلار ئۆيدە ئويناۋاتىدۇ .

**114** ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى چوڭ كاتەكچىلەر ئىچىدىكى ئىسىملارغا كىچىك كاتەكچىلەر ئىچىدىكى ئورۇن كېلىش قوشۇمچىلىرىنىڭ لايىقىنى ئۇلاڭلار ھەمدە قانداق ئىسىملارغا «ـدا ، ـتا» ، قانداق ئىسىملارغا «ـدە ، ـتە» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىڭلار :

| | | | |
|---|---|---|---|
| غۇلجا، باغ، ئاش، تاغار، ۋاقىت، قۇدۇق، قول، قاپ | ـدا، ـتا | ۋەتەن، كۆلچەك، كۈن، مەش، كۆڭۈل، كۆڭلەك، دەپتەر، سائەت | ـدە، ـتە |

**115** ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يازغاچ ، كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا ئورۇن كېلىشتە كەلگەن ئىسىملارنى قويۇڭلار :

1 . ...... يولۋاس بار . 2 . ...... نۇرغۇن رەسىملىك كىتابلار بار . 3 . بالىلار ...... توپ ئويناۋاتىدۇ . 4 . دادام

...... ئىشلەيدۇ . 5 . بىز ...... مۇزاكىرە قىلدۇق .
6 . ...... سۇ بارمۇ ؟ 7 . مەن ...... كورلىغا بارىمەن .
8 . ...... ئۇزۇم كۆپ . 9 . ......سۇ ئېقىۋاتىدۇ .
10 . ...... ماشىنىلار توختىماي مېڭىپ تۇرىدۇ .

**116** ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى ئىسىملارغا ئورۇن كېلىش قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاڭلار ھەمدە ئۇلارنى جۈملە ئىچىدە كەلتۈرۈپ يېزىڭلار :

ناھىيە ، مەكتەپ ، بالا ، ئەتىياز ، قىش ، باھار ، ياز ، قازان ، كارىۋات ، دەرەخ

**117** ـ كۆنۈكمە . ئۆزۈڭلارنىڭ ئىسمىنى كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەپ بېقىڭلار .

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتابلىرى

# كىلىشلەر توغرۇلۇق ئۆتكەنلەرنى تەكرارلاش

**118** ـ كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ، باش كىلىشتە كەلگەن ئىسىملارنى دەپتىرىڭلارغا كۆچۈرۈڭلار:

قىش

قىش كەلدى. پۈتۈن ئەتراپ ئاپئاق قار بىلەن قاپلاندى. جان ـ جانىۋارلار ئىسسىق ئۆۋىلىرىغا كىرىپ، قىشلىق ئۇيقۇغا كېتىشتى. قۇشلار جەنۇب تەرەپكە — ئىسسىق ياقلارغا قاراپ ئۇچۇپ كېتىشتى. كىشىلەر قىشنىڭ سوغۇقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قىشلىق تەييارلىقلارنى قىلىشتى. باللار بولسا مەكتەپتىن قايتىپ قىشنىڭ سوغۇق شامىلىغا قارىماي، چانىدا، كانكىدا تېيىلىشقا ئوخشاش ھەر خىل قىشلىق ئويۇنلىرىنى باشلىۋەتتى.

**119** ـ كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، ئىسىملارنى تېپىڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ قايسى كىلىشتە كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار:

1. باللار سادىر پالۋاننىڭ قوشاقلىرىنى قىزىقىپ ئوقۇيدۇ. 2. سىنىپىمىزدا ئەلاچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى كۆپەيمەكتە. 3. ئوقۇغۇچىلار مەيداندا گىمناستىكا ئويناۋاتىدۇ. 4. باھارنىڭ ئىللىق ھاۋاسى يۈزلەرنى سىيپاپ

ئۆتمەكتە . 5 . دەرەخلىقتىن قۇشلارنىڭ يېقىملىق ئاۋازى ئاڭلانماقتا . 6 . كىتابخانىدىن يېڭىدىن نۇرغۇن كىتابلارنى سېتىۋالدۇق . 7 . مەن كىتابىمنى دىلمۇراتقا بېرىپ تۇردۇم . 8 . غۇنچەمنىڭ ھەدىسى دوختۇرخانىدا ئىشلەيدۇ .

**120** ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى شېئىرنى كۆچۈرۈپ يازغاچ ، كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۇرلەنگەن ئىسىملارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ قايسى كېلىشتە كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار :

ھۆسنخەت

خەت يازىمەن قۇرلارغا
ئۈنچە ـ مارجان تىزغاندەك .
قەلىمىمدە ئاق بەتكە
نەپىس گۈللەر سىزغاندەك .

بىر قاراپلا ئوقۇيدۇ
ساۋاتى بار ھەر كىشى .
ھەتتا كىچىك ئۇكامنىڭ
كېلەر خەتكە ھەۋىسى .

خەت ئىچىدە خەت بار دەپ ،
مۇئەللىمىم ماختايدۇ .
ئاشۇ خەتنىڭ ھۆسنىمۇ
يۈز نومۇردىن قالمايدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

121 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار ھەمدە تىرناق ئىچىدىكى سوئاللارنىڭ ئورنىغا شۇ سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدىغان چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن ئىسىملارنى تېپىپ يېزىڭلار :

1 . غۇنچەم (نېمىنى ؟ ) ئېسىپ مەكتەپكە كەتتى . 2 . ئۇ (نېمىنى ؟ ) ياخشى كۆرىدۇ . 3 . پاتىگۇل (كىملەرنى ؟ ) مېھمان قىلدى . 4 . مەن (نېمىنى ؟ ) ياخشى كۆرىمەن . 5 . قادىر بۈگۈن ئەتىگەن كېلىپ (نېمىنى ؟ ) تازىلىدى . 6 . روشەنگۈل (نېمىنى ؟ ) ئوقۇدى . 7 . مۇئەللىم (كىمنى ؟ ) ماختىدى . 8 . مەن ئەركىننى (كىمنى ؟ ) تونۇيمەن . 9 . ئۆزۈڭنىڭ (نېمىسىنى ؟ ) ئۆزۈڭ يۇيغىن . 10 . باغدىكى (نېمىلەرنى ؟ ) قالايمىقان ئۈزمەڭلار .

122 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ ، كېلىش قوشۇمچىسىز ئىپادىلەنگەن ئىگىلىك كېلىش ۋە چۈشۈم كېلىشلەردە كەلگەن ئىسىملارنى تېپىڭلار :

1 . شەھەر كوچىلىرى ئىنتايىن رەتلىك ھەم چىرايلىق . 2 . ئاۋۇ ئۈسسۈل ئويناۋاتقان قىز — باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى . 3 . تاپشۇرۇقلارنى ئىشلەپ بولۇپ ، تېلېۋىزور كۆرۈڭلار . 4 . تېكىست مەزمۇنىنى چۈشەندىڭلارمۇ ؟ 5 . مۇئەللىم بىزگە دەرس ئۆتتى . 6 . سىنىپ ئىچى پاكىز تازىلاندى . 7 . كىتاب ئوقۇشتا نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك ؟ 8 . كۈن نۇرى ئۆي ئىچىگە چۈشۈپ تۇراتتى . 9 . دادا ، ماڭا ھېكايە سۆزلەپ بەرسىڭىزچۇ ! 10 . تالا مۇشۇكى ئۆي مۈشۈكىنى قوغلاپتۇ .

123 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇپ ، يۆنىلىش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار :

ئۇچار گىلەم پۇررىدە
ئۇچۇپ كەتسە ئاسمانغا .
ئارقىسىدىن قوغلىساق
مىنگىشىپلا بولۇتقا .

ئالتۇن كەشنى ھەممىمىز
سىلاپ باقساق ، بىر كۆرسەك .
مومىمىزنىڭ پۇتىغا
ئالتۇندىن كەش كىيدۇرسەك .

ئالتۇنبىلىق دېڭىزدا
بىر چۆكۈپ ، بىر لەيلىسە .
مىنىۋالساق ئۈستىگە ،
يىراقلارغا ئەكەتسە .

ئۇر توقماقنى «ئۇر !» دېسەك ،
ئۇرسا شۇئان ئوغرىنى .
تىرەپ قويساق ئىشىككە ،
قوغداپ بەرسە ھويلىنى .

ئېچىل سۇپرام ئېچىلسا ،
نازۇنېمەت چېچىلسا .
ئارام ئالسا ئاپامۇ
ئېغىشمەستىن تونۇرغا .

124 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا مۇۋاپىق كېلىش قوشۇمچىلىرىنى قويۇپ كۆچۈرۈڭلار :

بىزنىڭ باغ ... چىرايلىق گۈللەر بار . بىز گۈللەر ... پەرۋىش قىلىمىز . گۈللەر ... تۈرلۈك كېپىنەكلەر قونىدۇ . كېپىنەكلەر ... خىللىرى بەكمۇ تولا . بىز گۈللەر ... قونغان كېپىنەكلەر ... قوغلىشىپ ئوينايمىز . باغدىكى گۈللەر ... خۇش پۇراقلىرى دىماغ ... ئۇرۇلۇپ ، كىشى ... ھۇزۇرلاندۇرىدۇ . باغ ... كىرگەن كىشى ... ھەر خىل گۈل ۋە كېپىنەكلەر ... كۆرۈپ ، باغ ... چىققۇسى كەلمەيدۇ .

125 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى بوش ئورۇنلارغا مۇۋاپىق كېلىدىغان چىقىش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملارنى قويۇپ كۆچۈرۈپ يېزىڭلار :

1 . ماڭا ئۇرۇمچىدىكى ...... خەت كەلدى . 2 . بىز ...... ئۆگىنىمىز . 3 . سەن بۇ ئىشنى ...... سورا . 4 . سەن ...... قاچان كەلدىڭ ؟ 5 . ئۇكام ...... قايتىپ كەلدى . 6 . چىنە ...... يەرگە چۈشۈپ چېقىلىپ كەتتى . 7 . ئىشچىلار ...... چۈشتى . 8 . بۇ ساندۇق ...... ياسالغان . 9 . ئۇكام ...... يىقىلىپ چۈشتى . 10 . مەن ...... بەشنى ئالدىم .

126 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇڭلار ھەمدە ئورۇن كېلىشتە كەلگەن ئىسىملارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار :

پەرۋاز قىلار لاچىندەك ،
زۇمرەت كۆكتە ـ ئاسماندا .

يېتەر دېگەن نىشانغا ،
بەلگىلەنگەن قارارىدا .
ئەجەب ھۆزۈر ئالىسىز ،
ئولتۇرسىڭىز مۇبادا .

× × ×

بەسلىشىمىز مەكتەپتە ،
ئوقۇش بىلەن ئەمگەكتە .
پەن ـ بىلىمگە مۇھەببەت
يالقۇنلايدۇ يۈرەكتە .

127 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى ماقاللارنى ئوقۇپ ، ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنىڭ قانداق كېلىشتە كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار :

1 . ياشلىقتا ئۆگەنگەن تاشقا خەت ئويغاندەك ، ياشانغاندا ئۆگەنگەن قومغا خەت يازغاندەك . 2 . ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىش — ئالتۇننى ئەخلەت قىلىش . 3 . تىرىشچانغا ۋاقىت يەتمەس ، ھورۇننىڭ ئەتىسى تۈگىمەس . 4 . چۆلدە چاڭقىمىغان كىشى سۇنىڭ قەدرىگە يەتمەس ، نادان ئادەم بىلىمنىڭ قەدرىگە يەتمەس . 5 . ئەقىل ـ پاراسەت ئەمگەكتىن كېلىدۇ . 6 . بىلىمسىز كىشىنىڭ ، ساپاسى يوق ئىشىنىڭ . 7 . كىشىنىڭ يۇرتىدا سۇلتان بولغۇچە ، ئۆز يۇرتۇڭدا ئولتاڭ بول . 8 . ئەقىل ياشتا ئەمەس ، باشتا .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 22 . سۈپەت

بىر ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنىڭ ئىسىم بولىدىغانلىقىنى ئۆگىنىپ ئۆتكەنىدۇق . ئەمدى بىز تىلىمىزدىكى يەنە بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ھەر خىل بەلگىلىرىنى — ئۇلارنىڭ رەڭگىنى ، تۈرىنى ، تەمىنى ، ھەجىمىنى ، خۇسۇسىيىتىنى ، خۇلقىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى ئۆگىنىمىز .

تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى مىسالغا ئالايلى :

1 . ئادىلە قىزىل ياغلىق چىگىۋاپتۇ .

2 . بىز باغقا مېۋىلىك كۆچەت تىكتۇق .

3 . مەن تاتلىق قوغۇن يېدىم .

4 . ئەخەت يوغان سومكا سېتىۋالدى .

5 . قادىر تىرىشچان بالا .

بىرىنچى جۈملىدىكى «قىزىل» دېگەن سۆز ياغلىقنىڭ رەڭگىنى ، ئىككىنچى جۈملىدىكى «مېۋىلىك» دېگەن سۆز كۆچەتنىڭ تۈرىنى ، ئۈچىنچى جۈملىدىكى «تاتلىق» دېگەن سۆز قوغۇننىڭ تەمىنى ، تۆتىنچى جۈملىدىكى «يوغان» دېگەن سۆز سومكىنىڭ ھەجىمىنى ، بەشىنچى جۈملىدىكى «تىرىشچان» دېگەن سۆز بالىنىڭ (قادىرنىڭ) خۇسۇسىيىتىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن . بۇ سۆزلەرگە پەقەت «قانداق ؟»

دېگەن بىرلا سوئال بېرىلىدۇ .

دېمەك ، يۇقىرىقى سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىدا سۇپەت دېيىلىدۇ .

ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ بەلگىسىنى (رەڭگىنى ، تۇرىنى ، تەمىنى ، ھەجمىنى ، خۇسۇسىيىتىنى ، خۇلقىنى ) بىلدۈرىدىغان سۆزلەر سۇپەت دەپ ئاتىلىدۇ .

**سۇپەتلەر «قانداق ؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ .**

مەسىلەن :

چوڭ شەھەر (قانداق شەھەر ؟ )

ئۇزۇن يول (قانداق يول ؟ )

تاتلىق ئالما (قانداق ئالما ؟ )

ياخشى كىتاب (قانداق كىتاب ؟ )

سېمىز ئادەم (قانداق ئادەم ؟ )

يۇملاق جوزا (قانداق جوزا ؟ )

تار كوچا (قانداق كوچا ؟ )

جۈملىدە سۇپەتلەر ئىسىملار بىلەن باغلىنىپ ، ئىسىملارنىڭ ھەر خىل بەلگىلىرىنى بىلدۈرىدۇ .

بىر ئىسىمنىڭ بىرنەچچە خىل بەلگىسى بولىدىغانلىقى ئۈچۈن ، بىر ئىسىمنى بىرقانچە سۇپەتلەر ئېنىقلاپ كېلىشى مۇمكىن .

مەسىلەن :

يوغان ، تاتلىق ، چۈرۈك قوغۇنلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قارا ، يورغا ، يوگورۈك ئات

تىرىشچان ، خۇشخۇي ، تېتىك ، ئەخلاقلىق بالا

بەزىدە ئىسىملار سۈپەت مەنىسىدىمۇ كېلىدۇ .

مەسىلەن ، «تۆمۈر ، ياغاچ ، خۇرۇم ، قەغەز ، خىش ، قول» دېگەنگە ئوخشاش ئىسىملار «يول ، قوشۇق ، ئاياغ ، ساندۇق ، زاۋۇت ، ياغلىق» دېگەن سۆزلەرنىڭ ئالدىدا كەلسە «تۆمۈر يول ، ياغاچ قوشۇق ، خۇرۇم ئاياغ ، قەغەز ساندۇق ، خىش زاۋۇت ، قولياغلىق» بولۇپ ، بۇ چاغدا «تۆمۈر ، ياغاچ ، خۇرۇم ، قەغەز ، خىش ، قول» لار سۈپەت رولىنى ئۆتەيدۇ .

128 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇغاچ ، سۈپەتلەرنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار :

ئۇ بىزنى ياپيېشىل باغ ئىچىگە باشلاپ كىردى . باغ ئىچىدە رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن ، چوغدەك قىزارغان ئالمىلار يوپۇرماقلار ئارىسىدىن مارىشىپ تۇراتتى . ئوماق قۇشقاچلار بىزنى كۆرۈپ پۇررىدە ئۇچۇپ كېتىشتى . بىز بىر قېرى ئالما تۈۋىدىكى كارىۋاتقا بېرىپ ئولتۇردۇق . ئالما شاخلىرى ئارىسىدىن كۆپكۆك ئاسمان كۆرۈنۈپ تۇراتتى .

129 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ ، سۈپەتلەرنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ قايسى ئىسىملار بىلەن باغلىنىپ ، ئۇلارنىڭ قانداق بەلگىلىرىنى بىلدۈرۈپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار :

1 . مېنىڭ ئاق كۆڭلىكىم بار . 2 . ماشىنىلار كەڭ

تاشيوللاردا توختىماي قاتناپ تۇرىدۇ . 3 . مەكتىپىمىزدە يېڭى بىنا سېلىندى . 4 . مەن ئۇكامغا كىچىك خاتىرە دەپتەر ئېلىپ بەردىم . 5 . چەينەكتە ئىسسىق چاي بار . 6 . ئوقۇغۇچى راست گەپ قىلىشى كېرەك . 7 . بىزنىڭ ئۆيدە يۇمىلاق جوزا بار . 8 . ئامىنە چىرايلىق رەسىم سىزىپتۇ . 9 . هاموت مۇلايىم بالا . 10 . بىز يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كەلدۇق .

**130 ـ كۆنۈكمە .** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يازغاچ ، كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان سۈپەتلەرنى قويۇڭلار :

1 . باغدا …… گۈللەر ئېچىلدى . 2 . بۇلاقنىڭ سۈيى بەكمۇ …… . 3 . …… سۇنى ئىچمەڭلار . 4 . ئاسىيە …… قىز . 5 . مېنىڭ بويۇم سېنىڭ بويۇڭدىن …… . 6 . …… مايسىلار شامالدا يەلپۈنمەكتە . 7 . ئۈرۈمچىدە …… بىنالار ناھايىتى جىق . 8 . بىز …… ھەم …… سىنىپتا ئوقۇيمىز . 9 . ئەخمەتنىڭ خېتى …… . 10 . مەكتىپىمىزگە …… ئوقۇغۇچىلار كەلدى .

ئۈلگە :

بىز ئىسسىق ھەم يورۇق سىنىپتا ئوقۇيمىز .

**131 ـ كۆنۈكمە .** تۆۋەندىكى ئىسىملارنى كۆچۈرۈپ يازغاچ ، سۈپەت مەنىسىدە كەلگەن ئىسىملارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار :

ئەينەك قاچا ، مىس چۆگۈن ، ياغاچ قوشۇق ، ماموق ياستۇق ، پاختا رەخت ، قەلەي ساندۇق ، يىپەك ياغلىق ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كېسەك تام ، تۆمۈر دەرۋازا

132 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى سۈپەتلەرنى كۆچۈرۈپ يازغاچ ، كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا شۇ سۈپەتلەرگە لايىق ئىسىملارنى تېپىپ يېزىڭلار :

مەززىلىك ...... ، مۇزدەك ...... ، ئۇزاق ...... ، تازا ...... ، يۇمشاق ...... ، سېمىز ...... ، سۈتلۈك ...... ، زېرەك ...... ، ئاق ...... ، ياخشى ...... ، كۆڭۈللۈك ...... ، قاراڭغۇ ...... ، ئىتتىك ...... ، ئېگىز ...... .

133 ـ كۆنۈكمە. «ئېتىز ، تاغ ، مەيدان ، پاختا ، ئالما ، بالا» دېگەن ئىسىملارنىڭ ئالدىغا سۈپەتلەرنى قويۇپ جۈملە تۈزۈڭلار :

ئۈلگە :

ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدا كەڭ مۇز مەيدانى بار .

## 23 . سۇپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلار

تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ ، سۇپەتلەرنى تېپىڭلار ۋە ئۇلارنىڭ قانداق ياسالغانلىقىغا دىققەت قىلىڭلار :

1 . ماھىنۇر — ئىشچان قىز . 2 . ئەركىن رەسىملىك كىتاب سېتىۋالدى . 3 . بۇ گۆشلۈك قورۇما بوپتۇ . 4 . بىلىمسىز كىشى يىلىكسىز سۆڭەككە ئوخشايدۇ .

1 ـ جۈملىدىكى «ئىشچان» دېگەن سۇپەت «ئىش» دېگەن ئىسىمغا «ـ چان» دېگەن سۇپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسالغان . 2 ـ جۈملىدىكى «رەسىملىك» دېگەن سۇپەت «رەسىم» دېگەن ئىسىمغا «ـ لىك» قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسالغان . 3 ـ جۈملىدىكى «گۆشلۈك» دېگەن سۇپەت «گۆش» دېگەن ئىسىمغا «ـ لۈك» قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسالغان . 4 ـ جۈملىدىكى «بىلىمسىز ، يىلىكسىز» دېگەن سۇپەتلەر «بىلىم ، يىلىك» دېگەن ئىسىملارغا «ـ سىز» قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسالغان .

**بەزى ئىسىملارغا سۇپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئۇلىنىش ئارقىلىقمۇ سۇپەت ياسىلىدۇ .**

ئىسىملاردىن سۇپەت ياسايدىغان ئاساسىي قوشۇمچىلار مۇنۇلار :

-لىك ، -لىق ، -لۇك ، -لۇق

بىلىملىك ئادەم ، ئەخلاقلىق بالا ، سۇتلۇك كالا ، تۇز-لۇق سەي ، ساقاللىق ئادەم ، بىلىملىك كىشى

-دەك ، -تەك

تاغدەك ئىشلار ، ناۋاتتەك گەپ ، گۈلدەك چىراي ، گاڭدەك بىلەك ، مۇزدەك تاۋۇز

-سىز

بالىسىز ئۆي ، بۇلۇتسىز ئاسمان ، گۇناھسىز ئادەم ، تۇزسىز تاماق

-چان

ئىشچان يىگىت ، ئەمگەكچان خەلق ، نومۇسچان بالا

ئىسىملاردىن ياسالغان بۇنداق سۆپەتلەرگىمۇ «قانداق؟» دېگەن سوئال بېرىلىدۇ .

مەسىلەن :

پەرىدە — ئەخلاقلىق (قانداق؟) بالا بولۇپ ئۆستى .

بىلىملىك (قانداق؟) كىشى ئۇزار .

ئايشەم گۈللۈك (قانداق؟) رەختتىن كۆڭلەك كى-يىپتۇ .

ساۋاتسىز (قانداق؟) ئەلدە سوتسىيالىزم قۇرغىلى بولمايدۇ .

134 - كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى سۆزلەرگە سۆپەت ياسىغۇ-چى قوشۇمچىلارنى ئۇلاپ ، سۆپەتلەرنى ياساڭلار :

ئوت ، كۈچ ، بەخت ، ئەقىل ، رەت ، گۈل ، قورال ، سۇ ، ئۇنۇم ، ساۋات ، تاش ، تەرتىپ ، كۈن ، تۇز ، يولۋاس ،

ئەمگەك ، ئىنتىزام

**135 ـ كۆنۈكمە** . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يازغاچ ، سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسالغان سۈپەتلەرنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار :

1 . بىزنىڭ خەلقىمىز ئىنتايىن تىرىشچان ھەم ئەمگەكچان خەلق . 2 . بىز سوتسىيالىستىك ئاڭغا ئىگە مەدەنىيەتلىك ئەمگەكچىلەردىن بولىمىز . 3 . بىز بەختلىك زاماندا ياشاۋاتىمىز . 4 . بىز ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا قاتناشتۇق . 5 . مەكتەپتىكى تۇرمۇشىمىز بەكمۇ كۆڭۈللۈك . 6 . تاغدەك يۆلەنچۈكۈڭ تۇرسا ، يەنە نېمىدىن غەم قىلىسەن ! 7 . ئۇ ئېيىقتەك كۈچلۈك ئادەم ئىدى . 8 . بالىلىق ئۆي بازار ، بالىسىز ئۆي مازار (ماقال ) . 9 . ئىشچان ئېشىنى يەر ، ھورۇن بېشىنى (يەر ) (ماقال ) . 10 . پاختىلىق چاپىنىڭنى تېخىچە سېلىۋەتمىدىڭما ؟ 11 . ئۇ كۈلكىلىك گەپ قىلدى .

**136 ـ كۆنۈكمە** . تۆۋەندىكى شېئىرلارنى ئوقۇپ ، ئىسىمدىن ياسالغان سۈپەتلەرنى تېپىڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ قانداق ياسالغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار :

## قار

ئاق پاختىدەك ئاپئاق قار
كۆكتە ئۈزۈپ ئوينىدى .
بىر پەستىلا مەكتەپنى
ئاق مامۇققا ئورىدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دەل ـ دەرەخلەر تاقىدى
مەرۋايىتتەك ئاق بىزەك .
قاماشتۇرۇپ كۆزلەرنى
زوقلاندۇرار ئاق چېچەك .

ئوغلۇمغا

بەخت بوستانىدا مايسا
بولۇپ تېز كۆكلىگىن ئوغلۇم .
ئىلىم ـ پەن ئاسمىنى ئارا
قۇياشتەك ئۆرلىگىن ئوغلۇم .

ئىلىم ـ پەن ئىشقىغا مەپتۇن
بولۇپ پەرۋانىدەك تەلپۈن .
ئىلىم ـ پەندىن بولۇپ بىزار ،
قوشۇما تۇرمىگىن ئوغلۇم .

137 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى ھەربىر سۆزگە «ـلىك ، ـسىز» قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاپ كۆچۈرۈڭلار ھەمدە سۆز مەنىسىنىڭ قانداق ئۆزگەرگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار :

مەدەنىيەت ، بىلىم ، يۈرەك ، ئەت ، سۈپەت ، كەشتە ، قۇۋۋەت ، رەڭ ، مەقسەت

# 24 . سان

1 . بىر يىلدا 12 ئاي بار .

2 . بىزنىڭ سىنىپتا 45 بالا ئوقۇيدۇ .

3 . ئائىلىمىزدە ئالتە ئادەم بار .

4 . مەن تۆتىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتىمەن .

يۇقىرىقى جۈملىلەرنى ئوقۇپ ، ئاستىغا سىزىق سىزىلغان سۆزلەرگە سوئال بېرىڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ جۈملىدە قانداق سۆزلەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ ، نېمە ۋەزىپە ئۆتىگەنلىكىگە دىققەت قىلىڭلار .

بۇ جۈملىلەردىكى «12 ، 45 ، ئالتە» دېگەن سۆزلەر «ئاي ، بالا ، ئادەم» دېگەن ئىسىملارنىڭ ئالدىدا كېلىپ ، شۇ ئىسىملارنىڭ سانىنى بىلدۈرگەن . بۇ سۆزلەرگە «قانچە ؟ نەچچە ؟» دېگەن سوئال بېرىلىدۇ . «تۆتىنچى» دېگەن سۆز «سىنىپتا» دېگەن ئىسىمنىڭ ئالدىدا كېلىپ ، سىنىپنىڭ سان جەھەتتىكى دەرىجىسىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن . بۇ سۆزگە «قانچىنچى (نەچچىنچى ) ؟» دېگەن سوئال بېرىلىدۇ . بۇ سۆزلەر ئادەتتە سان دېيىلىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ سانىنى ، ھېسابىنى ۋە سان تەرتىپىدىن دەرىجىسىنى ، رەت تەرتىپىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى سان دەيمىز .
سانلار «قانچە؟ نەچچە؟ قانچىنچى؟ نەچچىنچى؟» دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ .
سانلار ئادەتتە ئىسىملارنىڭ ئالدىدا كېلىپ ، شۇ ئىسىملارنىڭ سانىنى ، دەرىجىسىنى بىلدۈرۈپ ، جۈملىدە ئەگەشمە بۆلەك بولۇپ كېلىدۇ .

مەسىلەن :
مەن بەش دەپتەر (قانچە دەپتەر ؟ ) سېتىۋالدىم .
ماھىنۇر بىرىنچى پارتىدا (نەچچىنچى پارتىدا ؟ ) ئولتۇرىدۇ .
ئۇكام بۇ يىل يەتتە ياشقا (نەچچە ياشقا ؟ ) كىردى .
بىز يەتتىنچى ئايدا (قانچىنچى ئايدا ؟ ) تەتىل قىلىمىز .

سانلار ساناق سان ھەم دەرىجە سان دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ .
ساناق سانلار : بىر ، ئىككى ، بەش ، ئون ، يەتتە ، توقسان تۆت ، بىر يۈز يەتمىش ئۈچ ، مىڭ . . .
ساناق سانلار ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ سان جەھەتتىن قانچە ، نەچچە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ ، «قانچە؟ نەچچە؟» دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ .

مەسىلەن :
بەش كىتاب ، ئون ئالتە قوي ، ئەللىك ئىككى بالا ، ئىككى ئالما ، يىگىرمە يىل

دەرىجە سانلار : بىرىنچى ، تۆتىنچى ، يىگىرمە ئالـ
تىنچى ، بىر مىڭ توققۇز يۈز سەكسەن توققۇزىنچى
دەرىجە سانلار ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ سان جەھەتـ
تىن دەرىجىسىنى ۋە رەت تەرتىپىنى بىلدۈرىدۇ .
دەرىجە سانلار ساناق سانلارنىڭ ئاخىرىغا «ـ ىنـ
چى ، ـىنچى» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسىـ
لىدۇ .
دەرىجە سانلارغا «نەچچىنچى؟ قانچىنچى؟» دېگەن
سوئاللار بېرىلىدۇ .

مەسىلەن :

تۆتىنچى سىنىپ ، ئۈچىنچى قەۋەت ، ئاتمىش ئىككىنـ
چى ئۆي ، بەشىنچى قۇر ، ئون ئىككىنچى ئاي ، بىر مىڭ
توققۇز يۈز سەكسەن يەتتىنچى يىل بەشىنچى ئاينىڭ تۆتىنـ
چى كۈنى . . .

سانلار ئىپتىلىشىغا قاراپ ، ئاددىي سان ۋە مۇرەكـ
كەپ سان دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ .
بىرلا سۆز بىلەن ئايرىم ئىپتىلىدىغان سانلار ئادـ
دىي سان دەپ ئاتىلىدۇ . ئاددىي سانلار بىردىن ئونغىچە
بولغان ھەم ھەربىر ئونلۇق سانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

مەسىلەن :

بىر ، بەش ، يەتتە ، توققۇز ، ئون ، يىگىرمە ، ئوتتۇز ،
ئەللىك ، سەكسەن ، يۈز ، مىڭ ، مىليون ، مىليارد

ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سانلاردىن قوشۇـ
لۇپ ئىپتىلغان سانلار مۇرەككەپ سان دەپ ئاتىلىدۇ .
مۇرەككەپ سانلار ھەربىر ئونلۇق ، يۈزلۈك ، مىڭـ
لىق ، مىليونلۇق ، مىلياردلىق ئىچىدىكى سانلارنى ئۆز
ئىچىگە ئالىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەسىلەن :

ئون بىر ، يىگىرمە ئۈچ ، ئەللىك بەش ، بەش يۈز سەكسەن يەتتە ، بىر مىڭ توققۇز يۈز ئون ئىككى …

**138** ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى ساناق سانلارنى دەرىجە سانلارغا ئايلاندۇرۇڭلار :

بىر ، ئۈچ ، ئالتە ، سەككىز ، ئون ، يىگىرمە ، قىرىق ، ئاتمىش ، سەكسەن ، يۈز ، يۈز ئون ، ئاتمىش يەتتە ، توقسان تۆت ، بىر يۈز ئوتتۇز ئىككى

**139** ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى دەرىجە سانلارنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار ، ساناق سانلارنى قوشۇمچىلىرىدىن قوشۇش (+) بەلگىسى ئارقىلىق ئايرىڭلار :

ئۈلگە :

بىرىنچى — بىر + ىنچى

بىرىنچى ، بەشىنچى ، يەتتىنچى ، توققۇزىنچى ، ئون تۆتىنچى ، يىگىرمىنچى ، قىرىقىنچى ، ئەللىك ئۈچىنچى ، ئاتمىش ئالتىنچى ، سەكسەن ئىككىنچى ، يۈزىنچى ، بىر يۈز ئون سەككىزىنچى ، ئۈچ مىڭ تۆت يۈز ئوتتۇز تۆتىنچى ، ئىككى مىليون يەتتە مىڭ ئۈچ يۈز ئونىنچى …

**140** ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ ، سانلارنى تېپىڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ قانداق سان ئىكەنلىكىنى ، قانداق سۆزلەر بىلەن باغلىنىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار :

بىز جىلغا باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ تۆتىنچى سىنىپىدا

ئوقۇيمىز . سىنىپىمىزدا يىگىرمە ئىككى ئوغۇل ، يىگىرمە قىز بولۇپ ، جەمئىي قىرىق ئىككى بالا بار . مەكتەپ بىزنى ئەمگەككە تەشكىللىدى . سىنىپىمىزدىن قىرىق بالا مەكتىپىمىزنىڭ شەرق تەرىپىدىكى مەكتەپ باغچىسىدا ئەمگەك قىلدۇق . بىز ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈندۇق . مەن ئالىم بىلەن بىللە هارۋىدا توپا توشۇدۇم . ئىككىنچى گۇرۇپپىدىكى ساۋاقداشلار ۋەزىپىنى تۈگىتىپ ، ئۈچىنچى گۇرۇپپىغا ياردەملەشتى . بىز سائەت ئون ئىككىدە ئىشتىن چۈشتۇق .

141 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى تېپىشماقنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار ھەمدە ساناق سانلارنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق ، دەرىجە سانلارنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار :

بىر كىشى دەرەخكە چىقىپ ، قوللىرىنى تۆت قېتىم ئېچىپ يۇمدى . ھەر قېتىمدا قوللىرىدىن ئۈچ قۇش ئۇچۇپ چىقاتتى . بىرىنچى قېتىم ئۈچ قۇش ئۇچقاندا سوغۇق شامال چىقتى ، يوپۇرماقلار تۆكۈلدى . ئىككىنچى قېتىم ئۈچ قۇش ئۇچقاندا قار ياغدى ، مۇز توڭلىدى . ئۈچىنچى قېتىم ئۇچقاندا قارلار ئېرىدى ، دەل ـ دەرەخلەر كۆكەردى ، سۇلار تاشتى . تۆتىنچى قېتىم ئۇچقاندا ، ھاۋا ئىسسىدى ، مېۋىلەر ، بۇغدايلار پىشتى . بۇ كىشىنىڭ قۇشلىرى ناھايىتى ھەيۋەت قۇشلار ئىدى . ھەربىر قۇش قانىتىنىڭ ئوتتۇز پېيى بار ئىدى . ھەربىر پەيىنىڭ بىر چېتى قارا ، بىر چېتى ئاق ئىدى . ھەممە قاناتلارنىڭ ئېتى بار ئىدى ، پەيلىرىنىڭ رەت نومۇرى بار ئىدى .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# 25 . ئالماش

تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇغۇچىلار ھەمدە ئاستىغا سىزىق سىزىلغان سۆزلەرنىڭ قانداق سۆزلەرنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەنلىكىگە دىققەت قىلىڭلار :

1 . مەلىكە ناھايىتى تىرىشچان ئوقۇغۇچى .

2 . ئۇ ھەممە پەنلەردىن يۇقىرى نومۇر ئالىدۇ .

3 . مەخمۇت ، سەن مۇئەللىمنى چاقىرىپ كەلگىن .

4 . ئۈچكە ئۈچنى قوشساق ، ئالتە بولىدۇ ، ئۇنىڭغا يەنە تۆتنى قوشساق ، ئون بولىدۇ .

5 . ئالىيە قىزىل بوياق ئاپتۇ ، مەنمۇ شۇنداق بوياق ئالىمەن .

ئىككىنچى جۈملىدىكى «ئۇ» بىرىنچى جۈملىدىكى «مەلىكە» دېگەن ئىسىمنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەن . ئۈچىنچى جۈملىدىكى «سەن» دېگەن سۆز شۇ جۈملىدىكى «مەخمۇت» دېگەن ئىسىمنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەن . تۆتىنچى جۈملىدىكى «ئۇنىڭغا» دېگەن سۆز «ئالتە» دېگەن سانىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەن . بەشىنچى جۈملىدىكى «مەنمۇ» دېگەن سۆز سۆزلىگۈچىنىڭ ئىسمىنىڭ ئورنىغا ، «شۇنداق» دېگەن سۆز «قىزىل» دېگەن سۈپەتنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەن . دېمەك ، «ئۇ ، سەن ، ئۇنىڭغا ، مەنمۇ ،

شۇنداق» دېگەن سۆزلەر ئىسىم، سان، سۈپەتلەرنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەن ئالماشلاردۇر.

> **جۈملىدە ئىسىم، سۈپەت، سانلارنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىدىغان سۆزلەرنى ئالماش دەيمىز.**

ئالماشلارنىڭ زادى قايسى سۆزلەرنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەنلىكىنى پەقەت جۈملە ئىچىدىلا بىلگىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

جۇڭگو بىزنىڭ ئانا ۋەتىنىمىز. بىز ئۇنى جان تىكىپ قوغدايمىز.

كىتاب مېنىڭ دوستۇم. مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن.

بەشكە بەشنى قوشساق، ئون بولىدۇ، ئۇنىڭدىن ئۈچنى ئېلىۋەتسەك، قانچىسى قالىدۇ؟

ئارزۇگۈل ئۇسسۇلنى چىرايلىق ئوينايدۇ، ئاينۇرمۇ شۇنداق ئوينايدۇ.

**142 ـ كۆنۈكمە.** تۆۋەندىكى پارچىنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار ۋە ئالماشلارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار:

### ئاپتوبۇستا

ئاپتوبۇستا ئادەم ناھايىتى نۇرغۇن ئىدى. ئەركىن ئاپتوبۇسنىڭ ئالدىنقى ئىشىكى تەرىپىدىكى بىر ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى. ئاپتوبۇس يەنە توختىدى. بىر ياشانغان بوۋاي ئاپتوبۇسقا چىقتى. ئۇ ئۆپچۆرىسىگە قارىدى، لېكىن

بوش ئورۇن يوق ئىدى . ھېلىقى بوۋاي ئىشىك يېنىدا ئۆرە تۇردى . ئەركىن بۇ بوۋايىنى كۆردى ـ دە ، دەررۇ ئورنىدىن تۇرۇپ :

— بوۋا ، كەلسىلە ، مېنىڭ جايىمغا ئولتۇرسىلا ، — دېدى .

بوۋاي ئەركىنگە رەھمەت ئېيتىپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى . ئاپتوبۇستىكى كىشىلەر ئەركىننىڭ بۇ ئىشىدىن چوڭقۇر تەسىرلەندى ۋە ئۇنى ماختاشتى .

143 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار . ئاندىن ئالماشلارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ قايسى سۆز تۈركۈمىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار :

1 . ئوقۇغۇچىلار قايتماي تۇرسۇن ، سەن بېرىپ ئۇلارغا ئېيتىپ قوي . 2 . قاسىم ئون توپ كۆچەت ئېلىپ كەپتۇ ، مەنمۇ شۇنچە توپ كۆچەت ئەكېلىمەن . 3 . مەريەمنىڭ خېتى چىرايلىق ، خەتنى ئۇنداق يازماق ئاسان ئەمەس . 4 . ئەكبەرلەرنىڭ ئۆيى مەكتەپتىن خېلى يىراق ، مەن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بارغان . 5 . بۇ يەر خەتەرلىك ، بۇنداق يەردە ئويناشمايلار .

# 26 . مىقدار سۆزلەر

بىز سانلارنىڭ ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ سانىنى ، ھېسا-بىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى ئۆگەندۇق .

سانلار ئىسىملارنىڭ ئالدىدا كېلىپ ، شۇ ئىسىملارنىڭ سانىنى بىلدۈرگەندە ، يەنە سانلار بىلەن ئىسىملار ئوتتۇرى-سىدا سانىنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرمۇ كېلىپ قالىدۇ .

مەسىلەن :

مېنىڭ ئىككى دانە دەپتىرىم بار .

بىزنىڭ سىنىپتا 42 نەپەر ئوقۇغۇچى بار .

بىز قورۇغا تۆت تۈپ ئالما كۆچىتى تىكتۇق .

مەن ئىككى تىلىم قوغۇن يېدىم .

ئادەم سائەتتە بەش كىلومېتىر يول يۈرىدۇ .

دادام ئىككى كىلوگرام گۆش ئالدى .

بىز بىر ماشىنا كۆمۈر چۈشۈردۇق .

يۇقىرىقى جۈملىلەردىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەر ئا-دەم ۋە نەرسىلەر سانىنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن .

**ئادەم ۋە نەرسىلەر سانىنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىد-غان سۆزلەر مىقدار سۆز دەپ ئاتىلىدۇ .**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مىقدار سۆزلەر سانلار بىلەن ئىسىملارنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىدۇ . مىقدار سۆزلەر دائىم سانلار بىلەن بىللە قوشۇلۇپ ئىپتىلىدىغانلىقى ئۈچۈن ، ئادەتتە سان مىقدار دەپمۇ ئاتىلىدۇ .

ئادەم ۋە نەرسىلەر سانىنىڭ مىقدارى ئوخشاش بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن ، مىقدار سۆزلەرمۇ خىلمۇخىل بولىدۇ .

مەسىلەن :

ئىككى نەپەر ئوقۇغۇچى ، بەش دانە ئالما ، ئون كىلوگرام ماي ، بىر قۇتا سىياھ ، ئۈچ قاپ بور ، بەش مېتىر چىبەرقۇت ، ئالتە چاقىرىم يول ، تۆت مىسقال ئالتۇن ، بىر چىشلەم نان ، ئىككى تىلىم قوغۇن ، يەتتە ئۆرۈم سامساق ، بىر باغ بېدە ، بىر چىنە ئاش ، بىر ساندۇق كىتاب ، ئىككى تاغار بۇغداي ، بىر ماشىنا كۆمۈر ، ئىككى ئېغىزلىق ئۆي

تىلىمىزدا «دانە ، تال ، نەپەر ، مېتىر ، مو ، جىڭ ، سەر ، تۇياق ، سىقىم . . . » دېگەنگە ئوخشاش مىقدار سۆزلەردىن باشقا ، يەنە بەزى ئۆلچەم بىرلىكى بولالايدىغان ئىسىملارمۇ مىقدار سۆز بولۇپ كېلىدۇ .

مەسىلەن :

تۆت خالتا ئۇن ، بىر ساندۇق كىتاب ، بىر ماشىنا كۆمۈر ، بىر تەخسە ئۈزۈم ، ئىككى چېلەك سۇ ، بىر قازان ئاش

تىلىمىزدىكى «قېتىم ، نۆۋەت» دېگەنگە ئوخشاش مىقدار سۆزلەر ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرمەي ، ھەرىكەتنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ .

مەسلەن :

ئىككى قېتىم باردىم . بىر نۆۋەت كۆردۈم .

**144 - كۆنۈكمە .** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ ، مىقدار سۆزلەرنى تېپىڭلار :

1 . ھەربىر ئوقۇغۇچى مەكتەپ بېغىغا بەش تۈپ كۆچەت تىكىدۇ . 2 . بىز تۆت مو يەرگە بۇغداي ، ئىككى مو يەرگە كېۋەز تېرىدۇق . 3 . ئۇنىڭ سومكىسىدا بەش دانە كىتاب ، ئون ئالتە دانە دەپتەر ، بىر دانە قەلەم بار ئىكەن . 4 . مەن ئاپامغا بىر چىنە چاي قۇيۇپ بەردىم . 5 . مەن بازاردىن ئىككى جۈپ پايپاق سېتىۋالدىم . 6 . بىز بىر مو يەردىن 150 جىڭ ساپ پاختا ئالدۇق . 7 . ماشىنا سائىتىگە 60 كىلومېتىر يول ماڭدى . 8 . ئىككى باغ بېدە ئورۇپ كەلگىن . 9 . ئاكام ماڭا ئىككى سىقىم ئۈزۈم بەردى . 10 . بازاردىن ئىككى كىلوگرام تەرخەمەك ئالغاچ كېلىڭ .

**145 - كۆنۈكمە .** تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارغا مۇۋاپىق كېلىدىغان مىقدار سۆزلەرنى يېزىڭلار :

بىر ...... چاي ، تۆت ...... قەلەم ، بەش ...... ئالما ، قىرىق ...... يول ، ئوتتۇز ...... ئوقۇغۇچى ، ئىككى ...... بور ، ئون ...... دەرەخ ، بىر ...... ئوتۇن ، بىر ...... توپا ، ئىككى يېرىم ...... رەخت ، بىر ...... كىتاب ، ئىككى ...... قوغۇن ، بىر ...... ئاش ، ئۈچ ...... شېكەر ، بەش ...... قوي ماي ، ئىككى ...... قوناق ، بىر ...... سۇ ، تۆت ...... ئۆي ، ئىككى ...... پىياز ، ئىككى ...... ئۆتۈك ، بىر ...... كۆكتات

146 ـ كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى مىقدار سۆزلەرنىڭ ئالدى-
كەينىگە مۇۋاپىق سۆزلەرنى قويۇڭلار :
يۇتۇم ، سىلىم ، چىمدىم ، تال ، سائەت ، كۈن ، سى-
نىپ ، قوشۇق ، قۇر ، تاغار
ئۈلگە :
كۈن — بىر كۈنلۈك يول .